


LONDON 29 Feb 2016

گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان شېئىرلىرى

Gulnisa Imin Gulkhan poems

# Gulkhan's Hundred and One Nights

# گۈلخاندىن 101 كېچە

www.azizisa.org ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى نەشر قىلدى

## گۈلنسا ئىمىن گۈلخان شېئىرلىرى

# گۈلخاندىن 101 كېچە

گۈلخاندىن 101 كېچە. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى نەشرگە تەييارلىدى. 2016 ـ يىلى 29 ـ فېۋرال www.azizisa.org

## كىرىش سۆز

ئۇزاقتىكى ئەمما تەكلىماكانغا ئەڭ يېقىن ئۇدۇن دىيارىنىڭ كېچىسىدە بىر گۈلخان ياندى! بۇ گۈلخان قەدىمىي يۇرت ـ بۈگۈنكى خوتەن دىيارىدا ياشاۋاتقان مېھرىبان، جاپاكەش، ئۇيغۇرنىڭ ئوتى ۋە سۇيىدە كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈۋاتقان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ قەلبى ئۈچۈن يېقىلغان ئىدى! گۈلخان ئادەتتە ئىككى خىل مۇھىتتا ۋە مەقسەتتە يېقىلىدۇ: بىرىنچىسى كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن، ئىككىنچىسى بولسا مۇزلىغان يۈرەكلەرگە، سوغۇقتىن تىترىگەن تەنلەرگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ گۈلخانىمىز كۆيدى... گۈلخان بىز ھەممىمىزگە ئوخشاش كۈندۈزلىرى جاننى باقىدىغان ھايات ئۈچۈن مېھنەت تۆكسە كېچىلىرى تۈندە يانغان گۈلخان بولۇپ يورۇق كۆرۈشنى ئىستىگەن خەلقىگە، جۈملىدىن ناتىۋان ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ قەلبىگە نۇرلار ياقتى!

گەرچە مەن يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان كۆپىنچە تور ئارقىلىق گۈلخاننىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ كەلگەن بولساممۇ ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇھەببەت، نەپرەت ۋە ھاياتلىق سىمفونىيىسى ئەركىن، ساپ ۋە كۈچلۈك ھېسسىي تۇيغۇلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەقەدەر بىر گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ھەر بىر مىسرالىرىدا نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان شېئىرلىرى بىلەن مېنىڭ ئىزچىل دىققىتىمنى تارتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ بايانلىرىمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە گۈلخاننىڭ 98 ـ كېچە يازغان «قارغالغۇچى ئايال» ناملىق شېئىرىسىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن:

......
ئاياللار ئەسەبىيلەرچە سۆيۈلەتتى
جان جەھلى بىلەن قوغدىلاتتى
شەھەرلەرگە دۆلەتلەرگە تەختلەرگە تىگىشلەتتى

كۆككە كۆتۈرلەتتى
غالجىرلىق ئۆزىنى ئەركىن قۇيۇۋېتەتتى
ئاياللار قۇمۇشلۇقلاردا قېچىپ يۈرەتتى
ئاياللار ئۆڭكۈرلەردە بالا تۇغاتتى
ئاياللار دارغا ئېسىلاتتى
ياسىداق ھەرەمخانىلەرگە قاملاتتى
كېسىلگەن بوينىغا ئۇزۇن چاچلار يامىشاتتى
زىندانلاردا چىرىيتتى
ئوغلارغا يەم بولاتتى
لەشكەرلەرگە سوغا قىلىناتتى
مىڭ يەردىن ئۆلتۈرلەتتى
مىڭ تىكەن سانجىلاتتى
ئاياللار يەنە ھەممىگە ئايلىناتتى
بەندى قىلىناتتى بىر سۆزگە
ھەۋا ئايال ئىدى قوغلاشقان
ھەۋا ئايال ئىدى قوغلانغان
ھەۋا ئايال ئىدى ......

ئەنگلىيىنىڭ 18 - ئەسىردە ياشىغان داڭلىق رومانتىك شېئىرىيەت پېشۋاسى ۋىللىيام ۋوردسۋورت شېئىرىيەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: « شېئىر دېمەك ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچلۈك ھېسياتنىڭ تۇيۇقسىز پارتلاپ چىقىشىدۇر. شېئىر ئۆزىنىڭ ئەسلى ھېسسىي تۇيغۇسىنى تىنچلىقتىن تاپىدۇ.»

گۈلخاننىڭ شېئىرلىرى ئەينەن ۋىللىيام ۋوردسۋورت ئېيتقاندەك ئاسمىنىدىن توپىسىغىچە ئۇيغۇرلۇققا تويۇنغان تىنىچ يۇرت چىرانىڭ تەبئىي سەھرا ھاياتىدا يىللاردىن بۇيان قەلبىنىڭ

چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان ئەڭ نازۇك ئاياللىق دۇنياسىغا تەۋە ئىزگۈ تۈيغۇلىرىنىڭ باھاردىكى تاغ بۇلاقلىرىدەك ئۇرغۇپ چىقىشى ئىدى!

......
ئاياللار تۈرمىسى
كۆلۈمسىرەيدۇ قار ئىچىدىن
ئاياللار تۈرمىسى
يۆگۈلۈپ چىقار تاڭ ئىچىدىن.
يېرىلىپ قاناپ كەتكەن كىرلەش قوللار
جىجىلايدۇ ئاپئاق قار ئۈستىگە
ئاياللار تۈرمىسىنىڭ خەرىتىسىنى.
كۆزىدىكى ياشنى تۆككۈسى كەلمەيدۇ
كۆتۈرمەكچى بولىدۇ بېشىنى
قارىماقچى بولىدۇ قۇياشسىز ئاسمانغا.
سېغىنىشلىرىنى، ئەنسىرەشلىرىنى
قورقۇپ جۆيلۈشلىرىنى، كېچىدە ئويغۇنۇشلىرىنى
دەپ بەرمەكچى بولىدۇ ئەشۇ تەرەپتىكى بىر ئىنسانغا.

گۈلخاننىڭ 10 ـ كېچە يازغان «قۇياشسىز ئاسمان» ناملىق شېئىرىسىدىن.

ئەلبەتتە شېئىرنىڭ تەبىرى بىر ئۈنىۋېرسالىققا ئىگە ئۇقۇمدۇر. مەن شۇنداق دەيمەنكى شېئىر دېمەك ئۇ مۇھەببەت دېمەكتۇر! شېئىر دېمەك شېئىرىي تىلنى چۈشىنەلەيدىغانلار ئۈچۈن ئۇ ئىنسان قەلبىنىڭ يوشۇرۇلغان دۇنياسىنى بىلىش دېمەكتۇر! شېئىر دېمەك ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ قايغۇ ۋە خۇشاللىقى كۆمۈلگەن تەۋەرۈك بىر ھايات قامۇسىدىن ئۈنچىلەر تىزىش دېمەكتۇر! مەن گۈلخاننىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى بەدىلىگە تەبىئي ئۇيغۇر يېزا ھاياتىنى چىقىش قىلىپ ئۆز مۇھىتىدا تۇغۇلغان باي ھېسسىي تۇيغۇلىرىنى كۈچلۈك قەلىمى بىلەن، رېئالىزملىق ۋە

مودېرنىزملىق لىرىك شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چىن قەلبىمدىن ئالقىشلىماي تۇرالمايمەن، ئەلبەتتە!

گۈلخان ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە جۈملىدىن ئۇيغۇر شائىرەلىرىنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىدا ئۆزىگە خاسلىققا ئىگە يېڭى بىر ئۇيپۇقنى نىشانلاپ ماڭماقتا. مەن گۈلخاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ مول بولۇشىنى تىلەيمەن!

سىز كۆرۈپ تۇرغان ئۇشبۇ ئەلكىتاپقا شائىرە گۈلنسا ئىمىن گۈلخاننىڭ 2015 ـ يىلى 4 ـ دېكابىردىن باشلاپ 2016 ـ يىلى 29 ـ فېۋرالغىچە بولغان 101 كېچىدە يېزىپ تاماملىغان شېئىرلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ "گۈلخاندىن 101 كېچە" نامى بىلەن ئەلكىتاپ قىلىپ تەييارلىدىم. ياقتۇرۇپ ئوقۇغايسىلەر.

ھۆرمەت بىلەن،

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

2016 ـ يىلى 1 ـ مارت، لوندون.

## گۇلنسا ئىمىن گۈلخان تەرجىمھالى



قەدىمي يۇرت خوتەن ـ ئۇدۇن دىيارىنىڭ كېچىلىرىدە ئاتەش بولۇپ يېنىۋاتقان گۈلخان ئۆزىنىڭ پاساھەتلىك تىل قابىلىيىتى، قايىنام كەبى ھىسياتى بىلەن تۇيۇنغان گۈزەل شېئىرلىرى ئارقىلىق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر جەمىيىتىگە تونۇلىۋاتقان شائىرە گۇلنىسا ئىمىن گۈلخان 1976 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چىرا ناھىيىنىڭ گۇلاخما يېزىسىدا تۇغۇلغان.1997 ـ يىلى خۇتەن رادىئو ـ تېلېۋىزيە ئۇنىۋىرستىنىڭ كاتىباتلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قانتاشقان. گۈلخان ھازىر چىرا ناھىيلىك 2 ـ ئوتتۇردا مەكتەپتە ئىشلەيدۇ.

گۈلخان 1990 ـ يىلى خوتەن پىداگوكىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىتىدە ئېلان قىلىغان "ئېھ سەھرانىڭ توپىلىق يولى" ناملىق شېئىر بىلەن ئېجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ گۈلخانىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇن تەۋەسىدىكى مەتبۇئاتلاردا 300 پارچىدىن ئارتۇق شئېرلىرى ئېلان قىلىنغان. گۈلخان خوتەن ۋىلايىتى ۋە چىرا ناھىيلىك يازغۇچىلار جەمىيەتلىرىنىڭ ئەزاسى.

## 1. كېچە

### سائەت ئالتىدە

سائەت ئالتە
تەلۋە ئاناردەك بىر كۈن
يەنە ئىشكتىن سىپايىلەرچە كىرمەكتە
ئۆلۈمگە بولغان ئالدىراشلىق
ھۇزۇرلىنىپ مېنى يىمەكتە.
تېنىمدە گۇلدەك پورەكلىمەكتە.

مېنى ئۇخلاتمايدۇ
شېئىر قىلىپ يازىدۇ
كېچىنىڭ ئىچىدىكى يارا.
كوچا بويلاپ كېتىدۇ
ئىچىمدىكى ياردەك
چۈشۈمدىكى ئەردەك
چىرايلىق ئايالدەك
غەليان كۆتۈرۈۋاتقان تالا.

سائەت ئالتە
كىرىمەن يەنە بىر ئىشىكتىن
ئىرىيمەن سۇدەك
ئاقىمەن نۇردەك

يۇمشايمەن بۇلۇتتەك
قايتىمەن يەنە يالغۇز بارلىقتىن ھەم يوقلۇقتىن.
ئۆتكەن يىلى قار ياغقان يوللار
ئېلىپ كىتەر مېنى يىراقلارغا
دەل سائەت ئالتىدە.

2015.12.4


* * * * * * * *

2. كېچە

## بوشلۇق ئىزدىگۈچى

بارلىق بېغىشلاشلاردىن خالى ھالدا
ئۆزىنىڭ سىر رەڭلىك ئاسمىنىدا
ئۆزى ئۈچۈن ئىزدەيدۇ بوشلۇق
سالقىن بىر ئازابىنىڭ چوڭقۇرلىقىدا.

ئۇ بىر قۇرتقا ئايلىنىدۇ ئۆز ھاياتىنى غاجىلاۋاتقان
ئۇرۇققا ئايلىنىدۇ قاراڭغۇدا بېخلاۋاتقان
يىلاندەك سوغۇق ۋە گۈللۈك قاسراقلىرى
يىڭى بىر پەسىل ئۈچۈن تاشلىنىۋاتقان.
جىمجىت، قورغاق ۋە يىراق تالا



ئۈنىڭ بوشلۇقلىرىنى قىلار ئىستىلا
بارلىق قەلئەلەر بولار كۆمپەيكۆم
ئىچىدە تېنىدۇ مىڭ پاتمان لاۋا.

ئۇ بوشلۇق ئىزدەيدۇ ياشاۋېتىپ
ئۆزىدەك يېرىلمايدىغان تاش ئۈستىدە
تۆكۈلەلمەيدىغان قىرتاق ياش ئىچىدە
بىر دەقىق تىنىش ئۈچۈن
سەرەڭگىچىلىك بولسىمۇ يېنىش ئۈچۈن
ئاخىرقى چەككە بېرىپ قالغان بەرداش ئىچىدە.

ئاشۇ بوشلۇق ئۈچۈن ئايرىلىدۇ باھاردىن
ئايرىلىدۇ بىر تال غازاڭدەك سۆيۈلمىگەن ياردىن
ئۇئەسەبىيلەرچە قوغلاشقان ئىزدىگەن بوشلۇق
بولۇپ چىقىدۇ ھېچنىمە
ئايرىلغاندا ئۇ ئىلكىدىكى يوق ھەم باردىن .

كەل مەن ساڭا ئىزدىگەننى بىرەي
بارلىق بوشلۇقلار سېنىڭ بولسۇن
بارلىق بوشلۇقلار سېنىڭ بولسۇن.
ئەڭ گۈزەل يوقلۇق مېنىڭ بولغىنىدەك.

2015.12.5 چىرا

* * * * * * * *

## 3. كېچە

# قىيپاچ نۇر

قىيپاچ چۈشۈۋاتقان ۋە سونۇۋاتقان نۇر
تامدىن سىيرىلغاندا پەسكە
پوراق چىقىرۋاتقان بارلىق نەرسىلەر
بىر ئاياللىنىڭ قىيامىدۇر بىنەپشە رەڭلىك.
ئەينەك ئېچىرقىغان بىر پەسىل
سارغىييۋاتقان تۆكۈلىۋاتقان لەۋلەردەك
نۇر لەۋەنلىككە تولغان تەن
قارا كىيىملىك.

تاقەت پاراسلاپ كۆيمەكتە
ئاھۇ كۆكسىدىكى ئوقنى سۆيمەكتە
تارغاق قاراڭغۇ ئورمان ئىچىدە
ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرمەكتە.
شىرىن بىر ۋەسۋەسە ئۇلغىيىدۇ
نۇر يۇلقۇنىدۇ
كۆتۈرلىۋاتقان غەليان ئەينەك قەدەھ ئىچىدە
ئاستا ـ ئاستا چۈشكۈنلىشىدۇ
شەلۋەرىگەن كۈتۈش
توختىمايۋاتقان قاندەك
چىقمايۋاتقان جاندەك قىيپاچ نۇر ئىچىدە

ئاجىز تىپىرلايدۇ.

2015.12.5.چىرا

* * * * * * * *

## 4. كېچە

## تۈلۈق بۇرۇلۇش

سېنىڭ ئىسمىڭنى بارلىق يۇلتۇزلارغا پىچىرلىدىم  
تۈن ياپراقلىرىغا يېزىپ قويدۇم  
سۇلارغا سىزىپ بەردىم  
كۆز مونچاقلارغا تىزىپ بەردىم  
سېنى قەدەملىرىنى توختىتىپ  
ئىسسىققىنە بىر تۇيغۇنى شۇملۇپ تۇرۇپ  
مەن تەرەپكە تۈلۈق بۇرۇلسىكەن دەپ.

ئۇ چاغدا گۇگۇم بىزگە ئاقاتتى  
كېچە بىزگە مۆكەتتى  
بىرلا قېتىم بىزگە ئۇچراپ قالغان پۇرسەت  
قوللىرىمىزنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى ئاسمان ئاستىدا  
ياكى بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا.

كالىندارغىمۇ قارىمىدىم
پەسىل قۇشلىرىغىمۇ سالام ئېيتمىدىم
يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىدىمۇ ئولتۇرمىدىم
يامغۇردا قېلىشمىنىمۇ
قاردا تېپىلىشمىنىمۇ تىلىمىدىم
پەقەت سەن تەرەپكە تولۇق بۇرۇلدۇم
سېنىمۇ مەن تەرەپكە تولۇق بۇرۇلسىكەن دەپ.

تولۇق بۇرۇلۇش
بىزنى بىر نوقتىدا ئۇچراشتۇراتتى
ئەڭ يىراق ئارىلىقتىنىمۇ
بىز يەتتە قات ئاسمان ۋە يەتتە قات زىمىن ئارلىقىدا
گۈللەرنىڭ پۇرىقىدا
قاراڭغۇنىڭ يۇرۇقىدا
كۆزلەرنىڭ ئىچىگە كىرەتتۇق
تالانىڭ سىرتىغا
مەن بۇنى تۇلۇق بورۇلۇش دەپ ئاتىدىم ئاستا

2015.11.6 چىرا

* * * * * * * *

## 5. كېچە

### ئوتقا كۆمۈلۈش

ئوت ھېكايە ئېيتماقتا
گۈللەرنىڭ پەريادى كۆيمەكتە
ئوتقا يۈزلىنىپ تۇرغان تەن
سۇنىڭ يېشىل ئاۋازىغا قولاق سالغاچ
چىرايلىق پۇتلىرى بىلەن
كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئوتقا كۆمۈلمەكتە.

بۇ بىر يول ئۈستىدىكى جاي
خۇددى ھاياتتەك
كېلىش ۋە كېتىش يۈز بىرىدىغان
خۇددى ئىككى ئادەمدەك
خالىغان تەرەپكە ئايرىلىدىغان.

ۋاقىت ئاقماقتا
ئالدىراپ رەسىدە بولغان باھار
بەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن ياز
تولغان كۆز
يالىڭاچلانغان قىش
ئوتقا ئامراق بىر ئايالغا ئايلانماقتا.
ئوتقا كۆمۈلمەكتە.

ئۇ سۈنىڭ يېشىل ئاۋازىغا
قۇملارنىڭ ئۇسۇل ئوينىشىغا
تىرەكلەرنىڭ قاغىغا ئۇۋا بولىشىغا
جىگدىلەرنىڭ چىچەكلىشىگە
ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا بىر كاككۇكنىڭ
سوزۇپ ئۈچ قېتىم چاقىرىشىغا ئامراق ئىدى.
بارلىق جەريان چىچەكتەك تۆكۈلدى.
11 ـ ئايدا كۆزنى ئاچقانىدى
12 ـ ئايدا ئوتقا دەسسىۋالدى
ئوتقا كۆمۈلۈش
ئۇنىڭ ئەپسانىسگە ئايلاندى.

2015.12 گۈلاخما

* * * * * * * *

## 6. كېچە

### ئاغرىق

مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان بۇ كېچىدە
چاچلىرىمنىڭ چىچەكلىك ئۇچچىدىن
تا تىرناقلىرىمنىڭ ئاخىرقى ھۈجەيرىللىرىگىچە
سىزىمەن بىرسىنىڭ مېڭىپ يۈرگىنىنى

تولىمۇ خىرامان ۋە ئازادە.

مەن ئۇنى ئاغرىق دەيمەن
ئۇ ياق مەن بىر تال كۆمۈش قوڭغۇراق
ياكى گۇگۇم دەرىخى سايىسىز
دەيدۇ.

ئىشىنمەن ئۇنىڭ ھەر نىمە ۋە ھەركىم ئىكەنلىكىگە
ئالغانلىقىغا قاراپ مېنى ئۆز ئىلكىگە.
بىز ئاتلىق ياكى پىيادە يۈرۈپ كېتىمىز
قۇم قەلئەلەردىن
كۆيۈك ئورمانلاردىن
تاشقاتمىغا ئايلانغان دەريالاردىن
شېئىر يېزىۋاتقان چۆللەردىن
ئاشىمىز يۇمشاق ۋە قىزغىن سۈكۈتنى چاينىغاچ.

ئىگىزلەۋاتقان ۋاقىت بارخانلىرى
بىزنى كۆمۈپ قويىدۇ ھەرچاغ
قۇيۇقلىشىۋاتقان تومانلار
بىزنىڭ سۆڭەكلىرىمىزنىڭ پېيىدا.
تولىمۇ تولىمۇ ئۇزاق بىر جەريان
مېنىڭ بۇ كىرەكسىز تېنىمدە ماكانلاشماقتا
ئاغرىق كۈچىنى كۆرسەتمەكتە

ئىككىمىز ياكى مەن

تىپىرلايمەن سائەت ئىچىدىكى ئالتۇن قەپەستە.
پىشانەمدىكى سوغۇق تەر
مەن ئۆرە تۇرۇپ قاراۋاتقان
ئىسمىنى بىلەلمەيۋاتقان كېچىنىڭ ئۇ تەرىپى
تۇرماقتا گىدىيىپ
مەن بىلمەيدىغان بەشىنچى تەرەپتە.

2015.12.7 چىرا

* * * * * * * *

## 7. كېچە

### سەن ئۇنتۇلدۇڭ مەنمۇ ھەم

ئۇنتۇلغاندەك كەچكۈزدىكى چىغىر يول،
ئۇنتۇلغاندەك چۆل كۆكسىدە بىر قودۇق .
سىرغىپ تورۇپ لەۋلىرىدىن جىملىقنىڭ ،
باھاردىكى بىر تال چۆپتەك ئۇنتۇلدۇق .

بولۇتلارنىڭ كۆزىدىكى دېكابىر ،
بىزگە ئەمەس ئۆزى ئۈچۈن سارغايسۇن .
تاڭلار كەتسە مەيلى ئەمدى بىھاجەت،
توزغاق چۈشلەر ھېچنىمگە ئايلانسۇن .

مەن ئۇنتۇلدۇم قۇشلار مەيۇس بولدى جىم ،
باغلار يىرتتى ياقىسىنى پىغاندا .
ئېرىقلاردا يىغلاپ قالدى كۆك قۇملار ،
مەن خازاندەك كۆككە ئۈنسىز باققاندا .

سەن ئۇنتۇلدۇڭ تامام مەنا يوقالدى،
ھەممىسگە قويغان كەبى بىر چېكىت .
ئارىسىدا شەرق بىلەن غەرپىنىڭ ،
ئويۇماقتا بىز بولمىغان شۇ ۋاقىت .

ئۇنتۇش بۈگۈن مۇز تۇتۇپتۇ ئەينەكتەك،
قېلىنلايدۇ ،بارچە كۈنلەر بىر ئەلەم.
ئويغىنىمىز مۇزدەك قانلار شوۋۇلداپ،
مۇھەببەت ئۇ تىزلا قورۇپ كەتكەن نەم .

باھار سېنى ئالمىسىمۇ كېلىدۇ ،
گۈللەر سېنى كۈتمىسىمۇ پىچىرلار .
قوياش ساڭا چىقىۋەرەر مەنسىزمۇ ،
بىز ئەپسانە ھامان بىر كۈن ئۇنتۇلار .

سەن ئۇنتۇلدۇڭ ئۇنتۇلغاندەك مەنمۇ ھەم ،
غېرىپ ئاسمان، كۆيگەن يۇلتۇز ئۇزىدى .
شۇنداقتىمۇ مەۋجۇت يەنە نەپەسلەر ،
لېكىن دۇنيا بىزنى تامام ئۇنتۇدى.

2015.12.9

* * * * * * * *

## 8. كېچە

# ئېقىۋاتقان كېچىلەر

ئېقىۋاتقان كېچىلەرنىڭ قانىتى
زەڭگەر رەڭلىك ئىدى ماڭا ئوخشايدىغان
يۇپۇرماقلار ئولتۇراتتى ئۇنىدا
ساقلاپ بىرىنى كەلمەيدىغان .

مەن قوشۇلۇپ ئاقاتتىم كېچىلەرگە
ئۆتەتتىم دېرىزەڭ ئالدىدىن
قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىكى ئۆمۈچۈك توردەك
كۆتۈرۈلدۈم بەلكىم يادىڭدىن .

يۇلتۇزلارنىڭ ئاسىيلىقى
ئايلىناتتى زەردابقا
بىر ئايال ياكى مەن جىمجىت قاراپ قالاتتۇق
مېنى ئېچىۋاتقان شارابقا.

ئىسققىنە ياز ئىچىمدە

ئولتۇراتتى غەمكىن چېچىمنى سىلاپ
مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلىشىش دەۋرى
كېتەتتى تويۇقسىز باراقسانلاپ.

ۋاز كېچىش
ئاي قاراڭغۇسىدىكى شارابتۇر
كېچىلەرگە ئېقىۋاتقان
ئۇ يەردىكى مەن ياكى سەن
دېرىزىنى يېپىۋاتقان.

2015.12.9 چىرا

* * * * * * * *

## 9. كېچە

## چېچەكلەۋاتقان ئىككىمىز

ئىچىمدەك قۇپقۇرۇق ۋە تېشىمدەك كۆلرەڭ
سۆزلىرىمدەك توڭۇپ كېتىۋاتقان تالا
كەل ئىچىمگە بىردەم
ئولتۇرايلى قىزغىن
ئىسقىرتايلى شوخلۇق بىلەن
ئىرغىتايلى يالىڭاچ دەرەخلەرنى

چاقىرايلى بەتىرەڭ ئاسماننى
چاقايلى ئارىلىقتىكى قارا ئەينەكنى
دومىلايلى ھىسياتسىز تاشلاردەك

ۋاقىرايلى كىمگىدۇ قولىمىزنى شىلتىپ
تىللىلىۋالايلى بىرسىنى خۇددى مەستلەردەك
ئۇنتۇپ كېتەيلى ھېلىقى ئەبلەخنى
پۇللىرىمىزنىڭ ھەممىنى بېرىۋېتەيلى كۆۋرۈك بېشىدىكى
قەلبىدىكى ئۆيىدە ئازادە ئولتۇرغان سائىلغا
ياماقچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ

بېرەيلى يىرتىلىپ كەتكەن ئەسلىمىلەرنى
ياكى چاك - چېكىدىن ئاجراپ كەتكەن
سېغىنىش دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى نەرسىنى
ئىككىمىزنىڭ بىغەملىكى
ئاقسۇن تازا كوچىلاردا
شۈمشىيىپ تۇرغان شاخلاردا
ئىچى سىقىلىۋاتقان ئىشخانىلاردا
مۇگدەك باسقان ئۈستەللەردە
چاشقان غاجىلاپمۇ قويمايدىغان كىتابلاردا .

ئاندىن يېلى قاچقان توپتەك
سالپىيىپ قايتايلى ئۆزىمىزگە
چېچەكلەيلى چېچەكلەيلى
سۈزۈك رەڭدە قېنىق رەڭدە سىلىق رەڭدە

چېچەكلەۋاتقان ئىككىمىز
قالايلى ماكانلىشىپ
سۆيگۈدىن بەزگەن بىر تەندە

2015.12.11 چىرا

* * * * * * * *

## 10. كېچە

## قۇياشسىز ئاسمان

قار ماڭا خوپ ياغقان بىلەن
ئۇنىڭ سېرىق تۈكلىرى دىردىيىپ كېتىدۇ
قولىدىكى قار كاللىكىنى ماڭا ئاتماقچى بولىدىيۇ
لەۋلىرىنى چىشلەپ
كۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ باشقا ياققا.

ئۇ پەقەت ئۇلا
ئېچىلالمايدۇ قاردەك
ياغالمايدۇ قاردەك
ئوينىيالمايدۇ قاردەك
ئۆزىنى خالىغانچە تاشلىيالمايدۇ قاردەك.

خىياللىرى كۆمۈلۈپ كېتىدۇ
ئېسەدەشلىرى ئېرىپ كېتىدۇ
بىز ياساۋاتقان قار بوۋايدەك ئولتۇرۇپ
شۇنچىلىك ئېغىر ئۇھلىرى بىلەن
ئۆزىدەك يالغۇزلۇققا پاتىدۇ.
ئاياللار تۈرمىسى
كۈلۈمسىرەيدۇ قار ئىچىدىن
ئاياللار تۈرمىسى
يۈگۈرۈپ چىقار تاڭ ئىچىدىن.
يېرىلىپ قاناپ كەتكەن كىرلەش قوللار
جىجىلايدۇ ئاپئاق قار ئۈستىگە
ئاياللار تۈرمىسىنىڭ خەرىتىسىنى.

كۆزىدىكى ياشنى تۆككۈسى كەلمەيدۇ
كۆتۈرمەكچى بولىدۇ بېشىنى
قارىماقچى بولىدۇ قۇياشسىز ئاسمانغا.
سېغىنىشلىرىنى، ئەنسىرەشلىرىنى
قورقۇپ جۆيلۈشلىرىنى، كېچىدە ئويغۇنۇشلىرىنى
دەپ بەرمەكچى بولىدۇ ئەشۇ تەرەپتىكى بىر ئىنسانغا.

2015.12.11 چىرا

* * * * * * * *

## 11. كېچە

### تولىمۇ يىراقتا سېنىڭ ئاۋازىڭ

قار باسقان يوللار ۋە تەنھا ئورۇندۇق ،
تاشلايدۇ ئىسمگە سېنى پەرۋاسىز .
تولىمۇ يىراق بىر جايدا ئاۋازىڭ ،
مەن مۇندا يۈرەرمەن دەرتلەر داۋاسىز .

لەپىلدەپ ياغقىنى مۇزدەك مەغرۇرلۇق ،
ساقايماس يارىنى كۆمگەنچە قېلىن .
كېتىدۇ قەدرى يوق كۈنلەر يىراقلاپ ،
بىر ئاچچىق خۇرسىنىش بىزلەرگە يېقىن .

قوپقۇرۇق قالغىنى سارغايغان بوشلۇق ،
يوقۇلۇپ بارغىنى قىشنىڭ ئاۋازى .
ئىككىمىز ئارىلىقى بولدى قەلەندەر ،
قالغىنى ھالرەڭلىك جاراھەت ئىزى.

نە يامغۇر نە قاردا بولدۇق ئۇچراشماس ،
قار گۈلى ئىچىدە كۆكلەر خىياللار .
ئاخىرقى بىر پۇرسەت سۇنغاندا چۇل ـ چۇل ،
قاپقارا ھىجرانىم مېنى قامالار.

2015.12.12 چىرا

* * * * * * * *

## 12. كېچە

## ئاي نۇرى

تالاي پەشتاقلاردىن ياكى شاخلاردىن
دېرىزىلەردىن ياكى قارىچۇقلاردىن ئۆتۈپ
چوڭقۇرلاۋاتقان ئاي نۇرىغا قارايمەن.

كۆكۈرۈپ كەتكەن
قۇرتلاپ كەتكەن نىرۋا تۇقۇلمىللىرىم ئارىسىدا
شامال يالاپ كەتكەن تىرىللىرىم ئىچىدە
كۈلگە ئايلانغىنىڭ بىر جەرياننىڭ شولىسى
ئاي نۇرى بىلەن قۇچاقلىشىدۇ قىزغىن .

سۈررەڭ تاملارنىڭ ئېسىدە قالغىنى
يۇپۇرماقلانىڭ چۈشنى مالىمان قىلغىنى
ئىشكنى قوپاللىق بىلەن ئېچىپ كىرگىنى كىمكىنە.
چۈش خاتىرلىرى ئۇلغايماقتا
ئازغۇنلۇق ماۋسۇمى باشلانماقتا.
ئاي نۇرىنىڭ جادۇ كۆزلىرى

بىر پەس توختايدۇ بەدىنىمدە ياكى دېكابىردا
ئاندىن چوڭقۇرلايدۇ يۇشۇرۇن ئىستەككە ئوخشاش.

يۈز بېرىدۇ دېئالوگ
ئويغىنىدۇ قاراڭغۇ
قار يېغىۋاتقان مەلۇم بىر كۈندە
ئاي نۇرى بىر ئايال بىلەن
هاياتنىڭ تېنىگە كېرىدۇ
قىزغىن ۋە پەرىشان هالدا.

2015.12.14 چىرا

* * * * * * * *

## 13. كېچە

### بىر ئۇۋا پىراق بار پىشايۋېنىڭدا

ئىسمىڭنىڭ قار رەڭلىك يەتتە هەرپى ،
كېلىدۇ تىرەكلىك كوچىدا مەغرۇر .
ياز ساڭا بولىدۇ تامام بەخشەندە ،
باهارنىڭ خىيالى سەندىن ئۆتۈشتۇر .

كېچە بىر جاناندۇر قوينۇڭدا ياتقان،

بىر ئۆستەڭ سۇ كەبى تولغۇنۇپ لەۋەن.
يۈرەكىنىڭ تەكتىدە قەدىمى دەريا ،
قاغجىراپ ـ قاغجىراپ قورۇغان ئوتمەن.

ھەسرەتنىڭ يوپيورۇق ئورمانلىقىدا ،
سەن تىككەن دەرەخلەر بولدى باراخسان .
ئىشقىڭدا سارغايغان تەنھا پەسىللەر ،
سەن ئۈچۈن مۇڭلىنىپ تۆكمەكتە خازان .

مۇھەببەت كۆكسۈڭدىن ئاچتى بىر يارا ،
سەن قەستەن ئۇنتۇدۇڭ غېرىپسىنىشنى
ۋە تەمكىن تۇرىسەن نەمخۇش تېنىڭدە ،
ئېھتىمال بىلمەيسەن چوغدەك سۆيۈشنى .

بىر ئۇۋا پىراق بار پېشايۋىنىڭدا ،
سەن خۇشخۇي زىمىستان قوينىدا قارسەن .
مەن سېنى بىلىمەن، بىلمەيسەن مېنى ،
سەن ئۆزگە چىمەنگە ئاتالغان يارسەن .

2015.12.16 دېكابىر، چىرا

* * * * * * * *

## 14. كېچە

### بىر ئىسمىنىڭ ھەرپلىرى

تۇمەن يىڭنە سانجىلغان يۈرىكىم بىلەن ئەمەس
تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىم
مۇزلىغان قانلىرىم
قوياشقا قارىيالمىغان كۆزلىرىم بىلەن
ئۆچۈردۈم بىر ئىسمىنىڭ ھەرپلىرىنى
كۆز ئالدىڭدىن پەقەت.
ھەر بىر ھەرىپتە بار
بىردىن ھەرە ئۇۋىسى
تامام  يېتىدۇ تۆت پەسلگە.

يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك جەريانلار
ياتىدۇ قەدىرسىز
نېمە ئىستەرسەن
نېمە ئىستەرمەن
نىمە ئىستەر ئاشۇ شورلۇق ھەرپلەر.

تېرىسى سويۇپ تاشلانغان كۆكۈلنىڭ
سانىسىز بىر دانىللىرى ئىچىدىكى تاشلاندۇق ھەرپلەر
قانداق لەيلەپ كەلگەن بولساڭ
شۇنداق كېتىپ قالىسەن بۇ جەرياندىن

ئوخشاش بىر قىسمەت ئالار سېنى باغرىغا.
سەن ئەي دوقمۇشتىكى ئېلان تاختىسىدەك تۇرغۇچى
ھەرپلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغۇچى
لەنەتلىنىۋاتقان ئاشۇ دەملەردىكى خىياللىرىڭنى
قىيانلاۋاتقان ھازىرىڭ بېسىپ كەتمەكتە يەنىلا
بۇنىڭغا نە يىغلاش كېرەك
نە كۈلۈش...

ئىجارە بېرىلگەن بىر ئىسمىنىڭ ھەرپلىرى
ئۇچۇپ كەتتى كۆز ئالدىمىزدىن
بىز تەمكىنلىكنى ساقلايلى بىردەم
قايتالارمىز بەلكىم يەنە بىر جەريانغا.

2015.12.20 چىرا

* * * * * * * *

### 15. كېچە

## نىچۈن ئۇچراشمايمىز كۈن بىلەن

دەرەخ كۈلەڭگىللىرى ئارىسىدىكى ۋاقىتتا
كۈن بىلەن تۈن ئۇچرىشىدۇ بىزگە تۇيدۇرماي
سۆيۈشۈشلەر ئىچىدە غايىپ بولىدۇ رىئاللىق

گۈللەر قېتىپ قالىدۇ ئېچىلالماي يا توزالماي.

بۇ دەقىقىدە ئۈمىدمۇ يوق ئۈمىدسىزلىكمۇ ھەم
بۇ يەردە مەۋجۇت شىرىن پىچىرلاشنىڭ شولىسى.
بۇ يەردە ماكانمۇ يوق زامانمۇ ھەم
يۇلتۇز چېچەكلىرىدۇر مەۋھۇملۇقتا يۈرگىنى.

ياشام جاراھەتلىرى قاقاچلانمايدۇ ئەسلا
سەرسانلىق يەنە داۋاملىشىدۇ ئەتىدىن باشلاپ
مېنى چاقىرۋاتقىنى سەنمۇ ئەسلىرى قىسقارغۇچى
كۈن تۇرغاندا مەن كەبى تۈننى قوچاقلاپ .

باھانىلەر ئالىلقاچان تۆكۈلۈپ بولدى
بىز نىچۈن ئۇچراشمايمىز كۈن بىلەن تۈندەك.
ئايرىلدۇق ئۆلۈمنى ئاخىرقى نوختا قىلىپ
چارچاشلار پورەكلەۋاتقاندا چىراغ نۇرىدەك .

2015.12.21 چىرا

* * * * * * * *

**16. كېچە**

## بىر ئۈۋا پىراق بار پىشايۋېنىڭدا

ئىسمىڭنىڭ قار رەڭلىك يەتتە ھەرپى ،
كېلىدۇ تىرەكلىك كوچىدا مەغرۇر .
ياز ساڭا بولىدۇ تامام بەخشەندە ،
باھارنىڭ خيالى سەندىن ئۆتۈشتۇر .

كېچە بىر جاناندۇر قوينۇڭدا ياتقان،
بىر ئۆستەڭ سۇ كەبى تولغۇنۇپ لەۋەن.
يۈرەكنىڭ تەكتىدە قەدىمى دەريا ،
قاغجىراپ ـ قاغجىراپ قورۇغان ئۇتمەن.

ھەسرەتنىڭ يوپيورۇق ئورمانلىقىدا ،
سەن تىككەن دەرەخلەر بولدى باراخسان .
ئىشقىڭدا سارغايغان تەنھا پەسىللەر ،
سەن ئۈچۈن مۇڭلىنىپ تۆكمەكتە خازان .

مۇھەببەت كۆكسۈڭدىن ئاچتى بىر يارا ،
سەن قەستەن ئۇنتۇدۇڭ غېرىپسىنىشنى
ۋە تەمكىن تۇرىسەن نەمخۇش تېنىڭدە ،
ئېھتىمال بىلمەيسەن چوغدەك سۆيۈشنى .

بىر ئۇۋا پىراق بار پېشايۋىنىڭدا ،
سەن خۇشخۇي زىمىستان قوينىدا قارسەن .
مەن سېنى بىلىمەن، بىلمەيسەن مېنى ،
سەن ئۆزگە چىمەنگە ئاتالغان يارسەن .

2015.12.16 دېكابىر، چىرا

* * * * * * * *

## 17. كېچە

## كېچە شولىسى

لەرزان چۈشۈۋاتقان كېچە شولىسى ،
ئەڭ يوقسۇل بىر دەۋردىن ئۆتمەكتە.
يامراۋاتقان ياشلارنىڭ تىگىدىكى مەغرۇرلۇق،
سېنى بۇرۇندىن باشلاپ كۈتمەكتە.

ئەي 17 ـ كېچەمنىڭ زۇلمىتىنى،
بەخىرامان دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكۈچى .
كەل، مېنى ئويغات ئۆلۈم شەپىسىدىن ،
بىز هامان بىر ۋېسالغا يەتكۈچى .

هىجراننىڭ نەمخۇش ئىسكىلىتى ئىچىدە ،

ياشاش ئېقىنىغا قارشى ھالدا.
كۆز ياپراقلىرىدەك كۆركەم تۇرۇپ،
ياغماقتىمەن ساڭا يىراق بىر جايدا .

ئۇسساۋاتقان بۇ كېچە جىمجىتلىنىدۇ ،
سەندىن ئىنتىقام ئالىدۇ شادىيانە ئازاپ.
مەن سەنسىزلىكنىڭ بىپايان ئېتىزىدا ،
ھوسۇل يىغماقتىمەن يوق ئاسمىنىڭغا قاراپ .

17 ـ كېچەمنىڭ بوسۇغىسى سەندىن باشلانمىغان،
سەندە ئاخىرلاشمايدۇ قىپقىزىل تىنىقى .
سەن قىياندىكى دەرەخ ئەمەسسەن مېنى قۇتقۇزىۋالىدىغان،
لېكىن مەن ئۆتەلمەيدىغان تەقدىرنىڭ سىنىقى.

مېنىڭ يۇمران بەتلىرىمدىن توغرىسىغا ئۆتكىنىڭدە .
قورۇپ كېتىدۇ بىزگە سايە تاشلىغان دەرەخ .
چىرايلىق بىر نەزىرگە قۇربانلىق قىلىسەن مېنى ،
سەن رايىش پايانىمدىكى بىردىنبىر لۇكچەك .

سېنىڭ يوقلۇقۇڭ بۇ كېچەمدە نۇرلىنىدۇ ،
ماڭا يېقىلار ساڭا ئوخشىمايدىغان بىر بولۇت.
كۆرۈنمەس ئاۋازدا ساڭا دەۋاتىمەن شۇ تاپ .
چىقىپ كەت بۇ زۇلمىتىڭدىن ئاندىن مېنى ئۇنۇت .

2015.12.18  دېكابىر  چىرا

* * * * * * * *

## 18. كېچە

### كېچىنىڭ گۈللۈك پەنجىرىسى

18 ـ كېچەمنىڭ قارامتۇل ھورلىرىدا
مەن پەيدىنپەي يۇمشايمەن پەردازسىز
كۈندۈزنىڭ يېرىقلىرىدىن ئۈنۈپ چىقىمەن
ئەتراپىمغا قارايمەن ئىشتىھاسىز .

چىرىگەن پەريادلارنىڭ پۇرىقى
تاشلىنىپ ياتىدۇ گۇگۇمنىڭ گىرۋەكلىرىدە
مەھبۇس پەسىللەر تورار ئېسىلىپ
بۇ كېچەمنىڭ گۈللۈك پەنجىرلىرىدە.

ئاي تېخى رەسىدە بولمىدى بۇ ئەسلەردە
18 تۇغۇملۇق بىر تۇيغۇ چەكمەكتە ئىزتىراپ.
تىلسىز، رەڭسىز ،پوراقسىز بىر ھالەت
ياتماقتا قارا رەڭلىك كوچىدا قانسىراپ .

18 ـ كېچەمنىڭ ئەبجەق ئىشكى ئالدىدا
مەن ياكى بىر ئايال ئولتۇرىدۇ ئېچىلىپ .
مەيۇس شامالنىڭ سۈزۈك قوللىرىدا

بارلىق تەۋەلىكلەر كېتەر چېچىلىپ .
18 ـ كېچە بېخلىنىدۇ مەندە
مەن ياتىمەن تەۋەلىكسىز ۋەتەندە.

2015.12.20 چىرا

* * * * * * * *

19. كېچە

## تاش تەنلىك ئايال

بۇ كېچىنىڭ قورۇقدالغان شاخلىرىدا ئولتۇرغىنى
تاش تەنلىك بىغەم ئايال
ئۈۋۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالغان
دەرەخ كاۋىكىدا قېپقالغىنى
ئىككى ياكى نۇرغۇن ئادەم توغرىسىدا
ئاشكارا سۈرۈلگەن خىيال .

كېچىنىڭ كېچىك تىلى ئاستىدا
پەيدا بولدى نۇرغۇن ھېكايە
تاش پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ
روبىرو كېلىشۋاتقىنى كۆز شامالىرىدەك
ئەسلىگە ئاسىيلىق قىلىشۋاتقان بىر سايە.

19 ـ كېچە تاش پەلەمپەيگە تۈتىشىدۇ
ئاندىن ئاسىيىلىق لەخمىسگە چۈشۇدۇ .
سانىسىز قاراڭغۇ كېپىنەكلىرى
ۋە ئۈلارنىڭ خۇشپۇراق جەستى
بۇ يەردە ئوتتەك چاچلىرىنى چۇۋۇپ
بەزمە ئۆتكۈزىدۇ شاللاق ئەر توغرىسىدا
ياكى قارنىڭ يالىڭاچ تېنى ھەققىدە
ئەڭ ئەپسانىۋى قوشاقلارنى توقۇشۇپ .

تاش تەنلىك بىغەم ئايال
ئۇۋۇلۇشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن
ھەر پارچىسىغا يازىدۇ مەرسىيە
ئويدۇرىدۇ تېنىنگە
قالىدۇ پورەكلەپ يىراق كۈندۈزگە سىرغىۋاتقان
ھىسياتى تامام ئۆلگەن 19 ـ كېچىدە.

2015. 12. 20 چىرا

* * * * * *

## 20. كېچە

## قاسراق تاشلاش

20 ـ كېچەمنىڭ خىرە ئاۋازى ئىچىدە
بىرىنىڭ ئاياغ ئىزى ئەكس سادا قايتۇرىدۇ.
تىمتاس ئېچىلىۋاتقان يالغۇزلۇق گۈلى
ئۇنىڭ قارشىسىدىكى بىر ئايالنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئاسمان سەن ئەمەسسەن بىرىنىڭ ئىسسىق تىنىقى
قاراڭغۇ چاچلار تۇۋىدە ئۇنتۇلغان
مەن ئەمەسسەن پىياز كەبى
ھەسرەتنىڭ سۈزۈك قوللىرىدا ئاقلانغان .

20 ـ كېچەمنىڭ يېشىل گىرۋەكلىرىدە
سېغىنىش ئۈندۈرمىلىرى نۇرغا چۈمۈلىدۇ
بىر قۇش چاڭگا تېزىدۇ قىزغىنىشلىرىمدىن
ئىككىمىزنىڭ چىغىر يولى كۈندۈزگە يېقىنلىشىدۇ.

سەۋدا تېشى دېرىزىلەرنى چاقىدۇ ئەسەبىيلىشىپ
يەكپاي قاناتلىق كېچە ئۇچالمايدۇ يىراقلارغا
سەن مەن تەرەپكە ماڭسەڭ يېتىپ كېلەلمەيسەن
ئوخشاپ قالىمىز جاۋاپسىز سۇئاللارغا.

سەن بىلمەيسەن يىراقتىكى سۈكۈتلەنگۈچى
سېنى سۆيۈشۈم مۇمكىن بولغىنىدەك بىر ماكاندا
سېنى چۇل - چۇل قىلىۋېتىشمىنىڭ مۇمكىنلىكىنى
20 - كېچەم قاسراق تاشلاۋاتقاندا .

بۇ كېچە ئۈچ يەردە تەكرارلىنىدۇ
بىراق سەن هاياتىمدا تەكرارلانمىدىڭ.
غايىپ بولىمىز بىردەملىك ھىسياتتەك
ئەمدى ھېچنىمە باغلىيالماس ئۈزۈلگەن يىپنى ئىككىمىزنىڭ

مەن بىرئايال قىزغىن سۆيەلەيدىغان
بۇ كېچەمنىڭ نەمخۇش قارامتۇل لەۋلىرىنى
مەن بىر ئايال ھەممىدىن كېچەلەيدىغان
كۆيدۈرۈپ سەندىن قالغان كېچە بەرگىللىرىنى.

2015.12.21 چىرا

* * * * * * * *

## 21. كېچە

# قىزغىنلىش

بۇ كېچەم ۋاقىت خارابىسىدىكى نامسىز جاي،
مەن يالىڭاياق پېتى قالىمەن كۆتۈشلەر ئەۋجىدە.
دۈگدەيگەن دەرەخلەردىن سۆيگۈ سوراش ئەڭ بىمەنىلىك،
نىمىمۇ بار دەيسەن بۇ تەنهالىق پەسلىدە .

گۈلداندا سارغايغىنى گۈللەر ئەمەسلىكىنى ھىس قىلساڭ ،
كېچىنىڭ سۈكۈتلىنىشىگە قالمايسەن ھەيران .
مۇزلاۋاتقان قوللىرىڭدا قالغىنى ئىسسەدەپ،
قىشنىڭ ئاپتىپىچىلىك بىر لەھزىلىك جەريان .

بۇ كېچىنىڭ ئەڭ ئۇزاق چۈشكەن كۆلەڭگىسى
زىمىستان رەڭگىدىكى خانەمدە چوغلىنىدۇ .
تالاي ئەپسانىلەرگە مېخلىنىمەن ئۈن - تىنسىز،
ۋاز كېچىش ئۆزلۈكسىز كەينىگە سۈرۈلىدۇ .

قارا ئەتىرگۈلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەرگىدە يالتىرغىنى
بارلىق خاتىرلەر تامام بولغان ئۇچرىشىش.
21 - كېچىدىن چىققىنى قانسىراپ
ھېچقاچان توزۇپ كەتمەيدىغان قىزغىنىش.

2015.12.21 چىرا

* * * * * * * *

## 22. كېچە

## بىر ئۇچۇم دان ساقلىغىن

سۈزۈك قوۋرىغىلىق 22 ـ كېچە
سىزىمچان قارا رەڭلەرنى چاقىرىدۇ
ئۆزىنى چاناۋاتقان بىر تەن
فوسفۇرسىز سۆڭەكلەردەك ئاقىرىدۇ .

بىراۋنى كېلىدۇ دەپ ئويلىمىدىم ،
ئاڭلىنىۋاتقىنى ھېچكىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى .
ئۈمىد كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدەك ئاجىزلاۋاتقاندا
چېكىلگىنى قوشنامنىڭ ئىشكى .

كۈندۈز ئاپىرىدە قىلغان چەكسىز غېرىپلىق،
شاخلايدۇ ئەڭ ئاخرىقى بەرداشلىققىچە.
قىزىل گۈل بەرگىدەك نازۇك قېيداشنىڭ
لېۋىدە ئولتۇرىمەن يۇلتۇزلار قايتقۇچە .

مېنى سىلاۋاتقان 22 ـ كېچەمنىڭ

بارماقلىرىدىكى سېنىڭ سوغۇق ئاۋازىڭ
سەن كەلمەيدىغان كەتمەيدىغان لەھزىلەر بۇ
بىر ئۇچۇم دان ساقلىغىن قەبرەمگە ئەي خىرامانىم.

2015.12.22 چىرا

* * * * * * * *

23. كېچە

## كېچە سەن بار تاڭلار يەنە ئاتىدۇ

سەن بار تاڭلار يەنە ئاتىدۇ،
قۇچىقىمنى ساڭا تولدۇرۇپ .
قىيالماستىن كەتكەن ھىلالنىڭ
كىرپىكىگە شەبنەم قوندۇرۇپ.

سوزۇلىدۇ يوللار ئازادە،
بۇسۇغاڭنىڭ تۆۋىگە قەدەر.
ئەكىلىدۇ سېغىنىشىڭنى،
دېرىزەڭدە ئۈنلىگەن كەپتەر .

شاخلاردىكى غۇچچىدە پىراق ،
خىيالىمغا تامىدۇ تىم ـ تىم .

ئاي نۇرىدەك سۈزۈك ھىجرانىڭ،
ئىشكىمدىن ئۆتتى مىڭ قېتىم .

يېيىپ قات ـ قات بەرگىلىرىنى ،
قىزىل گۈلدەك چۇشلەر ياتىدۇ.
لەۋ ياققانچە چوغدەك لېۋىمگە،
سەن بار تاڭلار يەنە ئاتىدۇ.

2015.12.23 چىرا

* * * * * * * *

## 24. كېچە

### كېچە سىنىڭ لىباسىڭ

كېچە ياپراقلىرى سىنىڭ لىباسىڭنى كىيسىدۇ
يۇلتۇز يىپلىرى ئۇنى تىكىدۇ ئاۋايلاپ .
كۆزلىرىڭنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىدا بولىمەن زاھىر
سەن ئۆزەڭدىن كەتكەن چېغىڭ يىراقلاپ.

بۇ ئىشىك بىلەن ئۇئىشكىنىڭ ئارىلىقى مىڭ يىل ،
بۇ سۆز بىلەن ئۇ سۆزنىڭ ئارلىقى شور دەريا.
قۇمدەك كەچمىش كۆچۈپ يۈرىدۇ ھەر ۋاقىت

مەن چىرايلىق ھەسرىتىڭگە ئايلانغان چاغدا.

مەن سېنى ئۆزۈم ياساپ چىقىمەن قارا شوللاردىن
ئاۋازىڭنى بىرىمەن ئەڭ ۋەزمىن بوياقلارغا.
قۇشلارنى قىلىمەن ساڭا مۇڭداش ،
ئىزىڭنى سىزىمەن بىر ماڭىلا كېلىدىغان يوللارغا.

ئۇنىڭ ئىچىدە سوزۇلسەن ئىختىيارىڭچە
سىلايسەن باشقا رەڭدىكى چاچلارنىڭ پەرۋازىنى !
ئۇنتۇشنىڭ ئەڭ چەتتىكى پاسلىدا تۇرۇپ
سىزەلمەيسەن قارشى تەرىپىڭدىكى ئىسيانىنى.

سېنىڭ لىباسىڭنى مەن سالدۇرىمەن ۋە كىيدۈرىمەن
تۈگمىسى ھەسرەتكە قىرىق يىل چىلانغان
مەن ئاخىرقى ئۇۋدەك يېقىلغان چاغدا
ئالقىنىڭدا ئۇيۇپ قالىدۇ بىر پارچە قان .

2015.12.24 چىرا

* * * * * * * *

## 25. كېچە

## كېلەرمۇ تارام ـ تارام دەريا ئېقىپ

بولۇتلار پايانىدا كۆيدى بىرسى
سىرغىتىپ چاچلىرىدىن ئەلەم داغەي .
ئۆزگە مىڭلارچە تىغ سالغان تۈرۈپ
گۈل كەبى بەرىق ئۇرغان ئاشقنى دەي .

مەندۇرمەن بەلكىم جاننى ساتار قىلغان
دىلبەرنىڭ بىر لەۋزىگە دۇنيا بېرىپ.
جەسىدىم شامالالارغا ئارمىغاندۇر
يېگەيمۇ قۇشلارئۇنى قەدرىن بىلىپ .

چۆللەرنى ئاھىم يۇتار بىر لەھزىدە
ئىچىمدىن قېچىپ چىقار غەملىك جاھان .
مەن يەنە قايدىن كېلىپ قايگە باراي ،
دىلبەرنىڭ مۈلكى تۇرسا بۇ خەستە جان .

ئىھ مېنى سورىماڭلار،مەندە نە ھال ،
نە پەرياد ئۇرالايمەن، مەندە نە ئوي .
يىرتقانچە كۆيىنگىنىڭ پەشلىرىنى ،
يار مېنىڭ ئۆلۈمۈمدە ئوينايدۇ توي .

لېۋىنىڭ بۈرجىگىدە قىزىل گۈللەر
يىغلارمۇ ياپرىقىنى دالدا قىلىپ .
ئاندىن يار يۈيۈپ مېنى تىنىقىدا
كۆمىدۇ ئىتكىدىن يەرلىك قېزىپ .

كېلەرمۇ تارام ـ تارام دەريا ئېقىپ ،
ئۆزىنى بىللە كۆمگەن ـ يار بويىدىن .
كاككۇكنىڭ نالىسىدە كۆيسە كېچە
چىقارمۇ كۈللى جاھان دەرد ئىچىدىن .

2015.12.24 چىرا

* * * * * * * *

## 26. كېچە

## كېچە قايتىش

سەن قولۇمنى قويۇۋەتكەن ئاشۇ نوقتا
ھېچقانداق سان ئوقىدا ئىپادىلەنمەيدۇ
ماڭا ئۆگەتكەن قەدەملىرىڭ
يەنە بىرەرسىگە مەڭگۈ ماس كەلمەيدۇ .

كېچىنىڭ ياپ ـ يېشىل نۇرى ئاستىدا

قاناتلىرىمنى تىترىتىپ تۇرغان پەرۋانىمەن
ياكى سانسىز كۆزلەرنىڭ قورشاۋىدا
قالغان بىر ناتىۋاننىڭ پەريادىمەن.

سېنىڭ يېنىڭغا قايتىش يەنە يالغۇز پېتى
مېنىڭ مۇمكىنچىلىكىم پەقەت ۋە پەقەت بىر
گۈللەرنىڭ يۇرۇقى ئاينىڭ ھىدلىرى قالىدۇ
سەن مېنى كۈتەرسەن بەربىر .

ئۇ يەرنى قىيامەت دىدى بۇ مۇمكىنمۇ
مەن ئىتتىم ئۇ ۋىسال بىكىتى ئەبەدىيلىك .
سېنىڭ ئېتىكىڭدىكى ئاخىرقى نەپەسلىرىم
ئىككى دۇنياغا تىگىشكۈسىز لەزىزلىك !

تېنىمدە مۇنبەتلەشكەن رەزىللىك ئېتىزلىرى
ۋە ئۇيەردىكى قاپقارا باشاقلار
مېنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ ھەر بىر ھۈجەيرەمگىچە
سېنىڭ قوللىرىڭ يەنە مېنى قوچاقلار .

قايتىۋاتىمەن سان ئۇقىدا مەۋجۇدسىز جايغا
قولۇمدىكى ئەنجۈر ياپرىقى نەقەدەر سوغاق
بارلىق بىكەتلەر تامام يوقلۇققا ئايلانغان
ئۇ يەر مەن ئۇچۇن شۇنچىلىك يېقىن بىراق ......

2015.12.24 چىرا

* * * * * * * *

## 27. كېچە

### شادىمان ئادەم

سەن كۈندۈز جىيەكلىرىدىكى بىر يىپمۇ
ياكى ئاق قۇچقاچ ئۇۋىسىدىكى بىر تال پەي
بىلمەيمەن ئۈچ تەرىپىڭنى كۆلەڭگۈسىز تۇرغان
مەيلى مەن سېنى قايسى نوقتىدىن كۆزىتەي.

كېچە ساڭا زوق بىلەن قاراپ قويىدۇ بىرسىدەك
چېچىڭدا تۇرغىنى بەلكىم سېنىڭ ھېكايەڭ.
قەدىمىڭنى شاماللارمۇ تاپالماس
سەن كېچە قاراقلىرىدىن تۆكۈلگەن رەڭ .

سەن قىرىق بىرىنچى رىۋايەتتىكى ئادەم
ياكى كۆز ئالقىنىدىكى قىپقىزىل خازان
ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك مەستخۇش كېپىنەك
مەن بىلمەيدىغان ئەرسەن شادىمان.

بۇ كېچە ساڭا كىرمەيدۇ چىقمايدۇ
سەن خالىغانكى نەرسە سەن ئۈچۈن بىر تەن.
مەن سېنى يۇتتۇرۇپ قويغان بىر ئايال

ئازاپ سەن ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ۋەتەن .

2015.12.24 چىرا

* * * * * * * *

28. كېچە

## سۇ يالقۇنىدىكى ئاۋاز

كېچىسىنىڭ ئىككى قاسىنقىنى تولدۇرىدۇ
سۇ يالقۇنىنىڭ يەڭگىل ئاۋازى
گۇناھ پۇرىقى سۇسلىشىدۇ
ئىسسىق رەڭلەر قېنىقلىشىدۇ
تىپتىنچ ئېقىۋاتقان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە
پىشۋاتقان ئىستەكلەر
سۇنىڭ ئاستىغا جۇغلىشىدۇ.

سۇ يالقۇنىنىڭ ئاۋازىغا
بايمۇ كىرىدۇ
نامراتمۇ كىرىدۇ
چىرايلىقمۇ كىرىدۇ
كۆرۈمسىزمۇ كىرىدۇ
گۈلمۇ كىرىدۇ

خەسمۇ كىرىدۇ
بىر - بىرلەپ كىرىدۇ دە
چىقىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولىدۇ
مەن پۇتلىرىمنى ئاياغسىز دەپ ئويلىۋالىمەن
مېڭىشتىن قورقۇش
مەندىكى پىسخىك كېسەللىك بەلكىم
شۇڭا سۇ يالقۇنىنى ئەگىپ ئۆتمەكچى بولدۇم
مۇستەسنالىق كىمنىڭ ئىلكىدە
ھېچكىمنىڭ
كىردىم سۇ يالقۇنىنىڭ ئاۋازىغا
28 - كېچە
يەڭگىل قونماقتا ماڭا.

2015.12.25 چىرا

* * * * * * * *

## 29. كېچە

## كېچە مەن ساڭا خەت يازىمەن

پەسىللەر ياغار سىم - سىم ھەم پەرىشان
مەن ساڭا خەت يازىمەن ئۇزۇن - ئۇزۇن ،
ئەسەبىي قۇرلار ئارا كۆكلەپ تۇرار،

ئىككىمىز كىرەلمىگەن بوشلۇق پۈتۈن .

تاملارغا كىم تەسەللى بىرەلەيدۇ ،
مەن يەنە ئۆز پوستۇمغا مۆكۈنىمەن .
توختىماس شامالارنىڭ ئېسەدىشى ،
كېچىلەر ساڭا پۈتۈك پۈتكەن بىلەن.

تۈگەيدۇ 32 هەرپ تامام ،
يىرتىلار سۆزلەر يەنە مىڭ ـ مىڭ قېتىم.
قۇرتلايدۇ كېچە تېنى بىلىندۈرمەي ،
تۈگىمەس ئەمما ساڭا يازغان خېتىم.

بىلىمەن بۇ خەت سېنى ئوقۇيالماس ،
هەرپلەر بەلكىم قالار قىز پېتىلا .
ئاخىرقى چىكىت بولۇپ قويۇلارمەن ،
هېچكىمىم، ئېسىڭ ماڭا چۈشكەن چاغدا.

ئوت ئۇنى سېغىنىدۇ كۆيدۈرسەم دەپ،
لەۋلىرىم سېغىنىدۇ سۆيدۈرگىلى .
خەت يەنە داۋاملىشار مۇزلىغانچە ،
مېنى هەم تاقىتىمدە ئۆلتۈرگىلى .

2015.12.25 چىرا

* * * * * * * *

## 30. كېچە

# چىرايلىق ئاپتاپقا ئوقۇلۇش

شاپتۇل گۈللىرىنىڭ ھىدى يۇقىمغان كۈندۈز
مۇزىكىدىن تۆكۈلىۋاتقان چىرايلىق ئاپتاپ .
ئېسىگدىن قېچىپ چىققان سېغىنىشقا قوشۇلۇپ
يىراقتىكى ئىككىمىزنى ئوقۇماقتا شۇتاپ .

قىزغىنىشقا تولغان چۈشتىن كېيىنىنىڭ ئىتەكلىرى
كېچىلەر بىزنى چاقىرىدۇ ھالرەڭلىك پەشتاقتا.
خازانلىق باغلاردىن ۋە يوللاردىن ئۆتۈپ كەتتۇق.
ئەمما تېخى ئۇچراشمىدۇق بىر نوقتىدا .

بىزنىڭ يۇمشاق ۋە ئەۋرىشىم چاغلىرىمىز
تولۇق يېشىنگەن ئازابلارغا تاشلاندى .
يۈرمەكتىمىز نىمجان ئەسلەرنىڭ پايانىدا
ئۇنتۇلۇشلار پەقەت بىزگە بېغىشلاندى.

چىرايلىق ئاپتاپ مەنىسىز بەتلەردە بىزنى ئۇچرىتىدۇ
سىلجىماقتىمىز 30 ـ كېچىنىڭ ھارارىتىگە.
ئۇ يەر بىزنىڭ ئاخىرقى نوقتىمىز ئەمەس يەنىلا،
بىز يېزىلىپ باقمىغان قاراڭغۇ بەتتە.

2015.12.26

* * * * * * * *

## 31. كېچە

## گۈلنىڭ تېنى

تەنھالىق يامغۇرىنىڭ ئەۋجىگە كىرىپ
بېخلانىماقتا گۈلنىڭ تېنى گۇگۇم رەڭ .
چۆللەر چالماقتا ساپايىسىنى خىرامان
نە بولۇر ئەي گۈل بىر كۈلۈشنى ئىستىسەڭ.

مەن سېنىڭ تېنىڭگە ئايلىنىمەن
تاتارغان 31 ـ تاۋۇشتىن سىرغىغانچە .
سۇدەك ئېقىۋاتقان غېرىپلىق سۆزلەيدۇ
قىرتاق ھاياتتىن تا ساماۋى چۈشلەرگىچە.

قاخشالغا ئايلانغان ئەسلىمىلەر بوشلۇقى
زىمىستان ئاپتىۋىدەك سۈكۈتلۈك .
ۋاقىت لىق توشماقتا خۇرسىنىشقا
گۈل، تېنىڭدە ئۆلۈش كۆڭۈللۈك .

مەن تېنىڭنىڭ پارچىسىغا كىرىمەن

ئايلىنىمىز ئېچىرقىغان ياۋايى ئوتقا.
بىر ئايال چىقىپ كېلىدۇ ئىچىمىزدىن ،
داۋاملاشتۇرىمىز ياشاشنى دەسسەپ يەنە چوغقا.

2015. 12. 25  چىرا

* * * * * * * *

## 32. كېچە

## سېنى بار دەپ ئويلاش...

ۋاقىت ئۆلۈكلىرىنى دەسسەپ ئۆتۈش
سۈپسۈزۈك غەملەرگە قوشۇلۇپ كېتىش
تاش بولۇتلارنى بىر ئادەم دەپ خىيال قىلىش
سېنى بار دەپ ئويلاشتىن مەنىلىكراق بولسا كېرەك.

تاشلار چىرىماسلىقتا ئامالسىز بۇ لەھزىلەردە
ئاسمان پەرىشان ئولتۇرىدۇ خارابىلىكلەردە
باياۋان توزىماقتا سۆيگۈسىز تەشۋىشلەردە
سېنى بار دەپ ئويلاش ئېھتىمال بۇندىن ئۆتە بىمەنە.

ئازغۇن بىر دەۋرلەرنى باشتىن  ئۆتكۈزمەكتىمىز
مەۋجۇت بولمىغان قىرغاقتا  قاراپ  ئۈمىدلىنىۋاتىمىز

32 ـ بۇسۇغىدىن جەزمەن ئۆتۈشۈپ كېتىمىز
بىر ـ بىرىمىزنىڭ يوقلۇقى شۇنچە تىز بولماقتا رېسىدە.

سېنى بار دەپ ئويلىماسلىقىم كىرەك تاش كەبى
كەلمەيدىغان يوللارغا سىپىلمەسلىكىم كىرەك ياش كەبى
ياشىشىم كىرەك قىزغىن ھەمدە ئەسەبىي
سەن مەۋجۇت بولمىغان 32 ـ كېچىدە.

2015.12.26 چىرا

* * * * * * * *

## 33. كېچە

### ئويغىنىش

ئويغىنىشنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ
مەن ئەنە شۇنداق ئويغىنىمەن
ئاقارمايدىغان تۈن
مەۋجۇت بولمىغان بىر جەرياننىڭ ھەلەكچىلىگىدە
قەستەن ئېتىلغان تاشلاردا چېقىلىمەن

پەرۋاسىز قاراشلاردا يېقىلىمەن
ئىككى قىرغاقتىكى بىر تال گۈل ئۈچۈن

كاماللەكنىڭ تېشى بولۇپ
ھەر تەرەپكە ئېتىلىمەن.

ھېچكىم بىلمەيدۇ
ئويغىنىشنى خالىمايدىغىنىمنى
تۈن رەڭلىرىگە قوشۇلۇپ
بىر قايتىماسلىققا ئېقىپ كېتىشنى خالايدىغىنىمنى
بىر مۆرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ
بىر نەپەس بولسىمۇ غەمسىز تىنىشنى ئويلايدىغىنىمنى .

مېنى ئويغاتماق ئۈچۈن
قولىدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىش
ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىش
مېنى بارلىق جەريانىدىن سۈرگۈن قىلىش
مېنىڭ مەۋجۇدلىقىمنى ئويلىماسلىق .

سىرغىپ - سىرغىپ ئېقىۋاتقان جېنىمنى تاماشا قىلىش
سوغۇق بىر نەزەردە كۈلۈپ قويۇپ،
ئۇلار شۇنچىلىك تاش يۈرەك
ئۇلار شۇنچىلىك قىساسچى
شۇنچىلىك......

33 - قېتىم ئېچىلغان تۈن گۈلى
مېنى لەۋلىرىدە چاقىرار
ئۆزەمنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە بىراۋلارنىڭ مەۋجۇدسىزلىقى

يۇمشاق سۆيۈپ ئويغىتار.

2015.12.28  چىرا

* * * * * * * *

## 34. كېچە

## سېنى سۆيىمەن ئاداققىچە

سېنى سۆيۈشنىڭ قىيىنلىقى
ۋە كېچىشنىڭ ئىمكانسىزلىقى
سېنى دەپ تىركىشۋاتقانلىقىم
لەۋلىرىمدە قان ئىزلىرىنىڭ قېلىۋاتقانلىقى
يېقىلىشلاردىن كۈلۈپ تۇرۇپ تۇرغىنىم
سەن ئۈچۈن ۋە يەنە سەن ئۈچۈن .

بارماقلىرىمىز ئەزەلدىن ئاجراپ باقمىدى
بىز ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىدۇق
مەن سېنىڭ يىنىك پۇشۇلداشلىرىڭغا ئامراق
سەن مېنىڭ ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈشلىرىمگە
بىز نۇرغۇن سوغۇق تاملاردىن ئىڭىشىپ ئۆتۈپ كەتتۇق
بەدىنىمىزدىكى تاش پارچىللىرىنى تېرىۋەتتۇق
بېغىمىزدىكى خازانلارنى ۋە غېرىپ ئىزلارنى كۆيدۈرۈۋەتتۇق

قارىشىپ ئولتۇرۇپ پەسىللەرنى ئۇزۇتۇپ قويدۇق
ئاخىرىدا كەيپىمىزدە يەنە ئىككىيلەن قېپقالدۇق.

باشقا سۆيگەنلەر كەتتى
كۆيگەنلەرمۇ كېتىپ قېلىشتى.
چۈنكى ئۇلار يىڭىلىقا ئىنتىلىپ تۇراتتى قانۇنىيەت بويىچە.

بىر ئادەم بولغان يەردە يەنە بىر ئادەم چوقۇم بولۇشى كېرەكمۇ
ئۇلار سۆيۈشكەنلەر بولسىلا
مەن بار يەردە سەن بولۇشۇڭ كېرەك.

سەن بار يەردە مەن
چۈنكى مەن سېنى سۆيىمەن
ئاينى سۆيگەندەك
يۇلتۇزنى سۆيگەندەك
گۈلنى سۆيگەندەك
تۈننى سۆيگەندەك ئەمەس
ئۆلۈمنى سۆيگەندەك شۇ قەدەر شىرىن
ۋە شۇ قەدەر سەمىمى .

سېنى بىر بولۇتنىڭ سايىسىدە
تۇمەن ئادەم قالغاندىمۇ سۆيەلەيدىغىنى يەنە مەن بولىمەن
چۈنكى سەن مەن ئەمەسمۇ
تەن ۋە روھىمدىكى 34 ـ كېچىنى
سۆيۈۋاتقان قەدىرلىك ئۆزۈم .

2015.12.28 چىرا

* * * * * * * *

35. كېچە

## شەھرىيار ئويغاق

بۈگۈن چېقىلىپ تۈگەي دەۋاتقان گازىر
شەھرىيارنىڭ كېچىسى كەلمەي تۇرۇپ
گۈل بەرگى يېيىتىلغان تۈشەكلەر
كۆلۈمسىرگەنچە ئاقماقتا مەۋج ئورۇپ .

مەست لەۋلەر يۇلتۇزلارنىڭ يېنىدا
مەن ئىشىك چەكمەكتىمەن تىمتاس سەيشەنبىدە .
شاماللار يارنى ئويغىتىڭلار ئۇخلىسۇن
ئۇنى ساقلاپ تورۇپ كەتكەن جەستىمدە.

شەھرىيار بوسۇغىدا ئولتۇرماقتا
35 ـ ياشلىق ئايال كېچە يىرتىلماقتا
نىقابلىرىڭلارنى ئېلىۋېتىڭلار ئەي كېپىنەكلەر
مۇھەببەت خۇشال ھالدا قانسىرماقتا.
يار مېنى قىلدى سەرگەردان
يازدۇردى قىپقىزىل قېنىمدا داستان

پۈتۈكلەردە ئۇنىڭ ئىسمى يالتىرماقتا
ئۈلۈك چۈشلىرىم ئۇنى چاقىرماقتا
ئۇ كۆندۈزنىڭ شەھۋىتىدە ئالدىرماقتا
جەسىدىم يەنە سەرسان يەنە سەرسان .
يارنى ئويغىتىڭلار سەيشەنبىگە كىرسۇن
يوقلۇقۇمغا ئىشەنگەندەك
بارلىقىمغىمۇ بىر تال گۈل سانجىپ قويسۇن
ماڭا يىغلىغان چۆللەرگە قوشۇلۇپ
يىغلايدىغانغا بىر تامچە ياشنى تەييارلاپ قويسۇن .

شەھرىيار ئويغاق
35 ـ كېچىدە
مەن ئۇخلاۋاتىمەن يار ئىشكىدە
بېشىمنى قويۇپ جەسىدىمگە.

2015.12.29 چىرا

* * * * * * * *

## 36. كېچە

## سۆزلەنمىگەن سۆزلەر

بارلىق تاۋۇشلار بىرىكىدۇ
يېڭى مەناغا هازىر بولىدۇ
بۇ كېچىنىڭ ئەتراپىغا تېزىلىپ
خۇش كەيىپ هالدا شاراپ  ئىچىشىدۇ
سۆزلەنمەسلىكنىڭ ئالدىدا.

ئۇلار سىپايە ئەمما يالغانچى ئەردەك
چۈشلىرىم بۇسۇغىسىدىكى لۇكچەكتەك
تەشنالىقى تىرناقلىرىدىنمۇ ئۇزۇن ئايالدەك
كىپىنەكلەرگە ئوخشاپ قالىدىغان ياردەك
ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى يۇشۇرماقچى بولىدۇ
خۇددى ئۇياتلىق يېرىنى يۇشۇرغاندەك .

ماڭىدىغان يوللار قېنى
يۆلىنىدىغان دەرەخلەر قېنى
چېقىلىدىغان ئىشك قېنى
بارچە بولمىسمۇ سۆزلەيدىغان يار قېنى
سۆزلىنىدىغان سۆزچۇ،
سۆزلەر يوق.
تاۋۇشلار كېچە بىلەن بولغان ئىشرەتلىرىنى

پەرۋاسىز ھالدا قىلماقتا  داۋام
بىر قۇش ئۇچۇپ كەتكەندەك
بىر تۇگمە ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك
بىرسى مۈدۈرلۈپ كەتكەندەك
تەبىئىي ھالدا.
سۆزلەر سۆزلەنمەسلىكنىڭ ئىشتىياقىدا
كۆزلەر كۆرۈنمەسلىكنىڭ  ئىشتىياقىدا
كېچىلەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى خانىسىدە
يارغا ئوخشاش ئولتۇرۇپ پىنھان
ئۆزىنى قىلماقتا ئاشكارە.

ئۇلار چىرايلىق ئۆستۈرۈلگەن  تىرناقلاردەك
خىجىلچان ئەۋرەتلەردەك
قەرز قالغان سۆيۈشتەك
ئەرزان ئىجارىلىك كۆڭۈلدەك
سۆزلىنىش ۋە سۆزلەنمەسلىكنىڭ ئارىسىدا
يۈرمەكتە چىرايلىق پۈتلىرى بىلەن.
36 ـ كېچىدە ئۇلار سۆزلەنمەيدۇ
36 ـ كېچىدە ئۇلار تۈرلەنمەيدۇ .

2015.12.30.چىرا

* * * * * * * *

## 37. كېچە

## يار دېگەن ئۈچ ھەرپ

بۇ سۇلار يارنىڭ بېغىغا بارمايدۇ
يارنىڭ بېغى بولمىسا بارغۇدەك .
بۇ يوللار يارنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتمەيدۇ
يارنىڭ ئۆيى بارمىدى قونغۇدەك .
قىش قاغىللىرى ئۇنىڭ ئىسمىغا ئۆچ
ئىسمى بولمىسا سۆيگۈدەك .
يېغىپ ئىرىپ كەتكەن قارلار
ئۇنىڭ ئىزلىرىدىن خەۋەرسىز
ئىزى بولمىسا چۈشكىدەك .

گۈللەر ئۇنى دەپ ئېچىلىشتىن مۇستەسنا
ئاپتىپى بولمىسا چۈشىدىغان
قارلىغاچ پىشايۋىنىغا ئۇۋا سالماس
باھار بولمىسا كېلىدىغان.
دوقمۇش ئۇنى ساقلىمايدۇ
قەدىمى يوق يېتىدىغان
ھېچكىم ئۇنى ئۇزاتمايدۇ
كېلىشى بولمىسا كېتىدىغان .

يار دېگەن بۇ ئۈچ ھەرپ
يوقلۇقتىن ئىبارەت ئەسلى
ھېچبىر مەنا تاپمايدىغان
37 ـ كېچەمگە پاتمايدىغان.

2015.12.30 چىرا

* * * * * * * *

## 38. كېچە

### لەخمە كولاش

سېنىڭ ئويلىرىڭدەك قىزغۇچ ئىنتىلىش
ۋە مېنىڭ ئويلىرىمدەك سوغۇق تىركىشىش
ئۈستمۇ ئۈست چۈشمەيدىغان تەرەپلەردۇر.

بىز ئۈچبۇلۇڭلۇق ياشاشتىن زېرىكىمىز
يىڭى تەرەپلەرنى بايقاشقا تىرىشىمىز ئوغۇرلۇقچە،
ھازىرىمىز مەنا قاتلاملىرىنى يوقاتقان .

سوغۇق شامالدا ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىۋاتقان تالا
بۇرۇختۇرمىلىقتا بېخسىۋاتقان ئىچىمىزدىن ياخشىراق
ھېچبىر مەخسەتسىز كولىنىۋاتقان لەخمە

بىزنى ئۇزۇن قارا رەڭدىن ئۆتكۈزۈپ
پايانسىز سۈكۈتلۈككە ئېلىپ چىقىدۇ.

ئۇ يەردە خوشاللىق بىلەن بايقىغىنىمىز نىمە
بىزنىڭ تاشقا ئايلانغان جەسەدلىرىمىز
بىر تالمۇ قاغا قونمىغان كۆيۈك شاخ
قۇچقاچلارنى ساقلاپ ھېرىپ قالغان دان
ھالىمىزدىن كەتكەن ئۆزىمىز.

لەخمىنىڭ قورغاق بوشلۇقى ئىچىدە
ۋاقىت كۈلەڭگىللىرى بىزگە ئەگىشىپ
ئۇچرىشىپ قالىدۇ ئەسلىمىلەر بىلەن
ئاندىن چاي ئىچمەكچى بولىمىز تاش ئۆستەلدە
بىزنى ساقلاپ ئولتۇرغان 38 ـ كېچىدە.

بىزنى تېخىمۇ خوش قىلىدىغىنى
ئىككىمىزگە مۇناسىۋەتلىك
ھېچنىمە قالمىغان ئۇنىڭ ئىچىدە.

2015.12.31 دېكابىر چىرا

* * * * * * * *

39. كېچە

## ئايدىڭ پارچىسى

بىز چۈمۈلۈش نىسىپ بولمىغان ئاي يورۇقى
بىزنى كۆرۈپ باقمىغان ئورۇندۇقتا
زەڭگەر كۈنلەر ئىچىدىكى ئىككىمىزنى
ئۇچراشتۇرىدۇ قايتا .

خوشلاشمىغان ئىدۇق
ئۇچرىشىش ئۈچۈن
تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇچرىشىپ باقمىدۇق
ئايرىلماسلىق ئۈچۈن .

ئايدىڭ پارچىسى ئولتۇرىدۇ قارشىمىزدا دېرىزەڭگە كۆنگەن ئاق قۇچقاچ
تېرىپ ئەكىلىدۇ بىر ئۇچۇم  ھەرپلەرنى
باھار كۆلۈمسىرەيدۇ ئارلىقىمىزدا .
ئۈندۈرمەكتە بىر ئىستەك
يالغۇزلۇقۇڭدا مەن بار يالغۇزۇم
دېگەن ئاۋازىڭنى
سېغىنىشنىڭ بىر پارچە قاقاس ئېتىزلىقىدا .

يۇلتۇزلار سەرسان كىم ئۈچۈن
ئاسمان پەسلەيدۇ نىچۈن

ئايدىڭنىڭ 39 ـ پارچىسى ياتماقتا سوزۇلۇپ
بىز چوغلىنىۋاتقان ئاخىرقى بىر كۈن .

2015.12.31 چىرا

* * * * * * * *

## 40. كېچە

## يىراقتا سەن بار

بىغەم كوچىلاردەك
ئىرىشنى خالىمىغان قارلاردەك
كېلىمەن دەپ قويغان باھاردەك
تۇرساڭمۇ ئەسلىرىمگە تۇتۇق بەرمەي
ئاۋۇندۇرىمەن ئۆزۈمنى
يىراقلاردا يەنىلا سەن بار.
ئۇخلاۋاتقان تاشلاردىن سورايمەن
ئۇچۇۋاتقان قۇشلاردىن
ئېقىۋاتقان سۇلاردىن سورايمەن
سارغىيىۋاتقان قومۇشلاردىن .

بەرگى خازانلاردىن سورايمەن
ئۆچۈۋاتقان قوقاسلاردىن .

كۆيۈۋاتقان شەپەقتىن سورايمەن
يوللاردىكى تىمتاسلىقتىن
چاقىرغاندا كەل ياكى كەلمە
قوللىرىڭنى بەر ياكى بەرمە
لېۋىمدىن گۈل ئۈز ياكى ئۈزمە
يىراقلاردا يەنىلا سەن بار .

كېچىنىڭ غۇۋا ياپراقلىرىدا سېنىڭ ئاۋازىڭ
سۆزلەرنىڭ قىزغىنلىقىدا مەنەڭ
بارلىق گىرۋەكلىرىدە ھاياجىنىڭ
40 ـ كېچەمنىڭ بىر تەرىپىدە
ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئۈمىدىمنىڭ بىر قولىدا
سېنىڭ ماڭا ئاتىغىنىڭ .
40 ـ  كېچەم شادىمان كېچە
چۈنكى
يىراقلاردا يەنىلا سەن بار.

2015.12.31

* * * * * * * *

## 41. كېچە

## قايدىسەن

قايدىسەن كېچە تومانلىرى بىلەن كەلگۈچى
قايدىسەن ئەي زۇلمىتىمگە كىرگۈچى
قايدىسەن بۇ جېنىمغا قۇرام تاشتەك پاتقۇچى
قايدىسەن ھاياتىمنى ئىستىلا قىلغۇچى.

سېنى كېلەر دېدىم
كىردىم يالقۇن رەڭگىگە
كۆتۈشلىرىمنى ئەۋەتتىم ئالتۇن قوڭغۇراقلىق مەپىدە
ئىسرىق سالدىم ئادىراسمان ۋە قىزىل گۈل بەرگىدە
قايدىسەن مېنى قوغۇندەك تىلغۇچى .

باغلىرىم سارغىيالمىدى سېنىڭسىز
چاچلىرىم تارالمىدى قولۇڭسىز
كېچەم قارىيالمىدى نۇرۇڭسىز
41 ـ ئىشىك ئېچىلمىدى سەنسىز
قايدىسەن مېنى پىراقلارغا ئۇۋا قىلغۇچى.

ئىنتىزارلىق سوزۇلامدۇ قەبرىگە
كۆنۈمەنمۇ يا مىڭ يىللىق سەۋرىگە
بەخشەندىمۇ جېنىم ئىشقىڭ جەۋرىگە

قايدىسەن پەسىللەرگە مەنسىز كىرگۈچى .

2016.1.1

* * * * * * * *

## 42. كېچە

## ياتارمەن بوسۇغىدا

ساپايەم دەرت ئىچىدە مەرغۇللىنىپ ،
چاقىردى مېنى ئىشق مەيخانىسى .
جەندەمنىڭ يىرتىقىدا ئاسمان يىغلاپ ،
كۈلەرمىش بۇ جېنىمنىڭ بىر دانىسى .

ئىچ دېدى يارسىز شاراب ئۆتمەس دىدىم
ئال دىدى غەملىرىنى قۇشۇپ دۇنيا.
نە بولۇر يارسىز مېنى تىرىك دېسە ،
ئۇنىڭدىن قىلغان ياخشى جاندىن جۇدا .

ئىزىمنى تورغاي كۆرۈپ قۇسماقتا قان.
ئېچىلار تۈن كۆكسىدە مىڭلاپ يارا .
سورىما تاش يىغلىسا نە سەۋەپ دەپ ،
دەردىمگە بولماس ياماق ۋادەرىخا .

مەستتۇرمەن مەيخانىغا بارمىساممۇ ،
يار ماڭا ھۇش بەرمىگەن تۇرسا ئەزەل .
ياتارمەن قىرىق ئىككى بۇسۇغىدا ،
يىرتىلغان ياقام ئۇندا پۈتەر غەزەل .

2016.1.1 چىرا

* * * * * * * *

**43. كېچە**

## يار بىلەن ئىچتىم شاراب

يار ماڭا ساقلاپتۇلەر بىر جام شاراپ ،
سالدۇرۇپ ئىشىق بىلەن پۇرقەتنى ھەم .
چىللاپتۇ مېنى گۈلگۈن كېچىسىگە،
بارغايمەن پۈتۈم ئەمەس بېشىم بىلەن.

قالدۇرۇپ ئاينى يەنە ئەلەم ئىچرە،
باغرىغا ساراي ساپتۇ قوندۇرغىلى .
قاراپتۇ يوللىرىمغا لەۋلىرى ئوت ،
ئۆزىنى ئىلكىمگە لىق تولدۇرغىلى .

ئۆزۈمنى كۆردۈم كېچە پىنھانىدا ،
يار كەبى جاللات بىلەن ئىچتىم شاراب.
مۈلكى جان تۇرسا ئۇنىڭ پاناھىدا ،
ئۇ تۇرار ھەر نىگاھتا جاننى سوراپ .

43 ـ كېچە ئۆتتى سارايىدا ،
بۇ شاراپ بىزنى ئىچىپ مەس بولمىدى .
بىز تېخى لەزىزلىككە قامال پېتى ،
يار تۇتقان جامغا شاراپ ھېچ تولمىدى .

2016.1.2 چىرا

* * * * * * * *

## 44. كېچە

## كېچە زامانلىرى

بىزنىڭ تەۋەلىكىمىز كېچە زامانلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى
يالىڭاياق پۇتلىرىمىزنىڭ كۆيۈشىدىن كەلگەن راھەت
ساقلايدۇ بىزنى يەنە بىر شىرىنلىكتە.
ئەي يىراقىم ، قولۇڭنى بەر
مەن بۇ جۇملىنى مىڭ تەستە قۇراشتۇردۇم
ئۇنى قۇرۇسۇن دەپ ئاستىم دېرىزەمگە

ۋە ھېچقاچان ساقا دەپ باقمىغانلىقىمنى ئويلىدىم .

ئىككى قاسناقتىكى قورۇغان تاشلار ،
تۈزۈپ تۇرغان قاراڭغۇلاردا
بىزنىڭ نە ئىسمىمىز بار نە جىسمىمىز
بىر تەشنالىقنىڭ بىزنى قىيناۋاتقانلىقىنى
بىلىمىز ئەمما بىلمەسكە سالىمىز .

ئىچكىرىسىدە يەنىمۇ ئىچكىرىسىدە
ئەبجەد ھىساۋىدەك يېشىلمەي تۇرغان
بىزنى تىنماي چاقىرۋاتقان ھازىرىمىزنى
بەندىي قىلماقتىمەن رەڭسىز سۆكۈتلىرىمگە.
سۆزلەر يۇرۇقىدا تاشقىنلىنىمىز
كۆزلەر قىرغىنىدا ئۆلىمىز
لەۋلەر تىلسىمىدا تىرىلىمىز
ئاخىرىدا كېچە زامانلىرىغا قايتىمىز
تەنھالىقىمىز تەنھا يېتى.

سەن پىنھان سۆزلىرىڭنى تاشقا ئويدۇڭمۇ
ئۇلارنى بىزنى قايسى كۆزىدە كۆردى
ئۇلار بىزنى قايسى سۆزىدە ئۆلتۈردى
بىز بۇلارنى خۇرسىنىش ئىچىدە ئويلايمىز
يەنە جىمىپ قالىمىز
ئىككىمىز ئارىسىدىكى ۋاقىتتەك .
44 ـ كېچە

كېچە زامانلىرى ھۇۋۇلىماقتا
ئىككىمىزگە تەۋە ھىجران پەسىلللىرىدا .

2016.1.2 چىرا

* * * * * * * *

## 45. كېچە

## قارا ئەتىرگۈل

گۇگۇمنىڭ سۆسۈن رەڭ ئېغىزىدىن
ئىچكىرلەيمىز دىلبەرنىڭ تەن لەخمىسىگە
باياۋاننى قويىمىز يالىڭاچ
تەلۋىلىكنىڭ بالاغىتىدە.
سۆزلەر سۆزدە ئولتۇرىدۇ مەس پېتى
قارا ئەتىرگۈللەر تېخى غۇنچىلىمىدى.

قەتلىئام باشلىنىش ئالدىدا
ئارام پەيتىدە
كىشنەۋاتقان تەنھالىق بىزنى ئىستەيدۇ
كېڭىيىۋاتقان تەشنالىق چىچەكلەيدۇ
قەدىمقى بىر خارابىلىك ۋە يىگى قوپۇرۇلغان تام
كۆزىمىزگە قاراپ كېكەچلەيدۇ.

ئىچكىرسىدە تېخىمۇ قارا رەڭلىكىدە ھەم
پىشىپ يېتىلگەن پۈرسەتلەردە
بىز بىر ئىستاكاندىن قەھۋە ئىچكەچ
قارا ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچىلىشىنى كۈتىمىز
غۇنچىنىڭ ئېچىلىش ۋاختى
گۈلنىڭ توزۇش ۋاختى بەربىر .
45 ـ قات بەرگ
تەشنالىقنىڭ ئەڭ يىراقلىرىغىچە بارىدۇ
قارا يۈزلۈك دىلبەر
بىزنىڭ پايانىمىزدا قالىدۇ .

2016.1.3 چىرا

* * * * * * * *

## 46. كېچە

## قارا دەريا

قارا دەريانىڭ شاقىراتمىسى تىركەشمەكتە
سېنى ياكى مېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن
سۆڭەكلىرىمنىڭ ئاپئاق نۇرىدا
ئىككىمىزنىڭ ئۇدۇلىدا
رەڭلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر كوچا

بىزنى ئەسلەش ئۈچۈن ئويلىنىدۇ بىراق.

چېكىنىش ئەڭ ئاقىلانە تاللاش
ياپراقلىرى تامام تۆكۈلۈپ بولغان ئېسىگىدىن
مۇداپىئە تاملىرى ئۆرۈۋېتىلگەن ئېسىمدىن .
قارا دەريا بىزدىن بەتتەر ئۇسسىماقتا
قېنى سۇۋۇماقتا
يېشىنىۋاتقان ئايال ياكى تام تۈۋىدىكى ئەر
ئۈن - تىنسىز چىرىش بىلەن
خۇشال ياشىماقتا
ئازاپلىنىش خۇمارىغا قېنىپ تۇرۇپ .

ئۇلار چۇقۇم بىز ئەمەس
چۇقۇم بىز ئەمەس.
دەريالارنى قۇرۇتۇپ تۈگەتتۇق
گۈللەرنى توزۇتۇپ
نۇرغۇن جەسەدلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىمىزنى تاپالمىدۇق
ئامالسىز بۇ كۈنلەرنى
قويدۇق يەنە ئۇزۇتۇپ .

شاقىراتمىدا بىزنىڭ كۆلەڭگىمىز
بىزنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن تېنىمىز
كىكەچلەنگەن تىلىمىز
قاخشالغا ئايلانغان جېنىمىز بار ئىدى .

بۇ بىز ياكى ئەممەس ئىدۇق
رېۋايەتلەر ئاخىرلاشقىنى يوق
46 ـ چۈشۈرگىدە بىز ساقلاۋاتقان تەقدىر
ئايرىلىش ئىدى جىمجىتتقىنا
قارا دەريا بىزدىن بەتتەر ئۇسسىماقتا.

2016.1.6 چىرا

* * * * * * * *

47. كېچە

## قۇم ئورمانلىقى

بۇرۇختۇرمىلىق ئۆزىنىڭ سۆلكىتىنى داۋام ئېتىدۇ
قۇم ئورمانلىقىنىڭ كۆكلەش پەسلىدە
ياغىدۇ سىم ـ سىم
تەنھالىقىنىڭ پەرۋازى .
تالاي قېتىملىق مەغلۇبىيەت تەنتەنىسى
ئېچىلماقتا ۋە قارشى ئېلىنماقتا قىزغىن .

ئىشىك تۇۋىدىكى ياپيېشىل كېچە
بولماقتا غەرق
قۇم ئورمانلىقىغا

ياغقان كەبى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئاق يىغىن .
جاراھەتلىك كۈندۈزلەرنى كىم ئىزلەيدۇ
ئولتۇرۇپ رەڭسىز سۈكۈتلەردە
پۈرلەشكەن قاناتلار ۋە ئېچىرقاپ كەتكەن تەشنالىق
تاشقا ئايلىنىدۇ تىگى يوق كۈتۈشلەردە .

مەن قېچىپ چىقىمەن قۇم ئورمانلىغىدىن
47 ـ كېچە ئاقماقتا قۇمدەك
بىز توزۇيمىز ئاقىمىز قۇمدەك
ئۇنتۇلىمىز ئاقىرىمىز قۇمدەك
ۋاقتنىڭ قاراڭغۇ كۆزلىرىدە.
غايىپ بولىمىز شۇ كۈنلەر كەبى
غايىپ بولىمىز شۇ ئۈنلەر كەبى
ئورمانلىق ھۇزۇرلىنىدۇ بىزدىن ئەسەبىي.

2016.1.6 چىرا

* * * * * * * *

## 48. كېچە

## بىر ئايالنىڭ مەۋجۇتلىقى

بېلىق قىلتىرىقىدەك مەۋجۇتلۇق
بىرئايالنىڭ قۇرسقىنىڭ ئېچىشى
قاراڭغۇ دولقۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز كېلەتتى
بىراق قاراڭغۇ دولقۇنلارنىڭ سۈزۈكلىكىدە
بىر ئايال لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى .

ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى قايسى رەڭدە
قايسى پەسىلدە ۋە قايسى شەكىلدە
بۇ نامەلۇم تەسۋىرلەرنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

چەكسىز ۋە تارغىنە كەلگەن بوشلۇقتا
ھىد چاچاتتى قىزىل گۈلدەك تەنھالىقى
توغۇلاتتى يىپيىڭى ھىجران
ئۇنى ياز تېنىدەك قاغجىراتماقتا ئىدى
گۇگۇم ئۇۋاقلىرىدەك پارچىلىماقتا ئىدى
قاخشال ئوتۇندەك كۆيدۈرمەكتە  ئىدى
تولغان غېرىپلىقى.

بىرئەر ۋە ئىككى بالا
يۈرۈق ۋە مۇزدەك تالا

ئۇمەڭگۈ ھەپىلىشىپ ئۆتىدىغان
قىيىن ھەم مۇپەسسەل فورمىلا .

يۇيۇلمىغان پايپاق ئۇنى ئىستەيدۇ
ئوقۇلمىغان كىتاب ۋە رەتلەنمىگەن كىيىم ئىشكاۋى
يېزىلمىغان شېئىر ۋە ئېتىلمىگەن تاماق
سېغىنىدۇ ئۇنى جان جەھلى بىلەن
ئىپادىلەش ئۈچۈن مەۋجۇتلىقىنى .

چېكىلەپ تاڭغان پېتى ياغلىقىنى
كۈلۈمسىرەپ ئالغان پېتى سۈپۈرگىسىنى
پەپىلەپ قويۇپ كىتابلىرىنى
ئۇخلىتىپ قويۇپ شىرىن چۈشلىرىنى
كىرىشىدۇ ئىسپاتلاشقا
ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ قويىندا تېخى بارلىقىنى .

مەۋجۇتلۇق ئۇ بەلكىم ئاتمىغان تاڭدۇر
ۋە بەلكىم قاقاچ تۇتمىغان يارىدۇر
ماڭا قاراپ تۇرغان ئۇ ئايال ئۈچۈن .

2016.1.7 چىرا

* * * * * * * *

## 49. كېچە

## يار دېگەن جەزىرىدۇر

ئايلاندى كىرسە چىقماس جەزىرىگە ،
يار مېنى يالغۇز قويۇپ ئۆلتۈرگىلى .
تەقدىرىم باغلىماقتا بوينۇمغا تاش ،
سۆزۈلمەس ھەسرىتىگە چۆكتۈرگىلى .

مەن يارنىڭ ئېتىزىمەن پىراق تېرىپ ،
ھىجراندا يىللاپ خامان ئالدىغان .
كىيدۈرۈپ يىرتىق كولا، قوراق جەندە ،
بۇ جاننى ساپايىدەك چالدىغان .

كۆكلىسەم بېغىدىكى رەيھان بولۇپ ،
ئىچىدۇ بويلىرىمدا شەربەت ياساپ .
قىزغىنىپ ئۇنى بارچە كېچىلەردىن ،
ياتىمەن بوسۇغىدا دەردىم يالاپ .

مەيلىدى ئايلانسىمۇ جەزىرىگە،
سەۋرىمدىن ساراي سېلىپ سۆيەر ئىدىم .
ئۆلتۈرەي سېنى قانداق دەپ سورىسا
يار لېۋى قىيانىدا ئۆلەي دېدىم .

يار دېگەن جەزىرىدۇر پايانى يوق،
ئازدۇرۇپ قىلار ئاخىر قورۇق قاخشال .
كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىدۇ ھۇزۇر بىلەن ،
توزۇيسەن يار نەپسىدىن كەلسە شامال .

2016.1.7 چىرا

* * * * * * * *

## 50. كېچە

## مەن سېنى كېلەر دەپ

قارا كۆز دىلبەرنىڭ بارماقلىرىدا ،
مەن سېنى كېلەر دەپ ساقلىدىم ئۇزاق .
ئىسمىڭنى ئۆگەتتىم كۆيگەن ئوتلارغا ،
پىراقىڭ چىچەكلەپ بولدى بىر قوچاق .

سورايدۇ ۋەسلىڭنى قوقاسلىق باغرىم ،
قارايدۇ يولۇڭغا يىگانە باھار .
سېنى دەپ غۇنچىلاپ تۇرار قىزىل گۈل ،
دەريالار سەن ئۈچۈن ھالرەڭدە ئاقار .

دەرەخلەر سېنى دەپ بولالمىدى مەست ،

ئۈرۈندۈق يەنە شۇ تىمتاسلىقىدا .
چۆللەردە تەشنالىق يۇتقان كىيىكتەك ،
تىپىرلاپ چىقارمەن ئاي تۇغقىچە تا .

مەن سېنى ساقلىدىم بىھۇش ۋاقتىنىڭ ،
تېنىدە ئايلىنىپ بىر ئۇچۇم ياشقا .
ئېھتىمال، قەدىمىڭ يېتىدۇ بىر كۈن ،
مەن سىياق غېرىپ شۇ يىغلاڭغۇ تاشقا .

2016.1.8 چىرا

* * * * * * * *

## 51. كېچە

## ئوت يېزىقلىرى

ئوت يېزىقلىرىنى سەن ئۇچۇن تېرىپ كېلىمەن
ۋە كىرگۈزىمەن رامكىغا ئاڭسىز رەۋىشتە
يۇپۇرماق تاشلاۋاتقان ئەسلىرىڭنىڭ ھالىتىگە قارىغىنىمچە
ئۇنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىمەن
تېرەڭنىڭ ئۇچۇنچى قەۋىتىدە .

كۆزۈڭدىكى سالقىن نۇر

چۈشلىرىڭدىكى ھارغىنلىق
ئۇچرىشىدۇ يېزىقلار بىلەن
ئۇپراپ كەتكەن پەلەمپەيلەردە .
ئوت يېزىقلىرى ئۇيۇلىدۇ بۇلۇتلارغا
كىرىدۇ مەنا قاتلىمىغا
پورەكلەيدۇ قىزغۇچ
تۆكۈلىدۇ سارغۇچ
خارابىلىككە ئايلانغان بىر ئاي
قۇم چېچەكلىرى ئارىسىدا
يۈرەر مۆكۈنۈپ
تەشۋىشلەنگەنچە يۇرۇپ تۇرغان يېزىقلارغا .

بىزنىڭ ئورمانلىقىمىزغا ئوت كېتىدۇ
كۆلگە ئايلىنىدۇ ھەممە بىزكەبى
بىر قۇشنىڭ ئۇۋىسىدىكى غېرىپ پەيدەك
بىز يەنە ياشايمىز شۇنچە قىزغىن
شۇنچە سوغۇققان
شۇنچە ئەسەبىي.
ئەي مېنىڭ ھاياتىمدا ياشىمىغۇچى
كەت ئوت يېزىقلىرىدىن يىراققا
ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان خارابىلىك ۋە
سېنىڭ تېخى قارىداشقا ئۆلگۈرمىگەن ئىسمىڭ
قالسۇن لەپىلدەپ كۆلرەڭ جاراھەت ئاستىدا.

2016.1.10

* * * * * * * *

## 52. كېچە

## قاراڭغۇ پەسىللەردىن ئۆتۈپ كەتتۇق

تۈتەۋاتقان كېچىلەر ۋە ئۇنىڭ پەريادلىرى
قورغاق ئىس تۆتەكلەر ۋە يورۇق قىرغاقلىرىدىن
ئاستا، تولىمۇ ئاستا ئۆتىۋاتىمىز
بىز ئۈمىد كۈتۈۋاتقان تام
بەلكىم ئاللىقاچان زەيلىشىپ كەتكەن
بەلكىم قۇياشنىڭ بارماقلىرى پاتمايدۇ ئۇ يەرگە
شۇنداقتىمۇ ئۆزەلمەيمىز كۆزىمىزنى
ئۈمىدتىن بەكراق پىلدىرلاۋاتقان .

يول ياقىسىدىكى مىڭ يىللىق دەرەخلەر
بىزگە تەسەللىدىن دىرەك بەرمەيدۇ
پېۋا بوتۇلكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان قەلەندەر
ئەتە بۇ ھاياتقا ياكى ئاسمان ئاستىغا
كېلىدۇ يا كەلمەيدۇ
مانا مۇشۇنچىلىك ئىش
ھايات ۋە سۆيۈش دېگەنلەر.

شاماللار بىزنىڭ جۇلدۇر كىيىنىمىزدىن

بېخسىپ كەتكەن يۈرىكىمىزدىن
ھېچنىمىسى قالمىغان رەڭگىمىزدىن
تاما قىلمايدۇ بىرەر كاپام رىزىق.
قىرغاقنىڭ تەۋرىنىۋاتقان سايىسى ئاستىدا
چوڭقۇرلاۋاتقان شولىسىدا
كۆرۈۋاتقاندا ئاسىيلىقىمىزنى
ھىس قىلالمايمىز ئۇ قەدەر شەرمەندىچىلىكنى
شۇنداق قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمىز
بۇ پەسىللەردىن
خۇدۇكسىرىگەن ھەم قەستەن بىپەرۋا ھالەتتە
نە بېشىمىزدا غەم
نە تىلىمىزدا تەم
يوللار بىزدىن ئېشىپ بىغەم .

2016.1.13 چىرا

* * * * * * * *

53. كېچە

## خوشلىشىش

ئاۋازىڭنى ئۇچۇردۇم ئاڭلاش سەزگۈلىرىمدىن
بۇلۇتلىرىڭنى قوغلىدىم ئاسمىنىمدىن

قەدەم تىۋىشلىرىڭنى ئۈچۈردۈم يوللىرىمدىن
پىچىرلاشلىرىڭنى يوقاتتىم پەسىللىرىمدىن
كەينىمگە قايرىلماسلىق ئۈچۈن
كۆزۈمگە ياش ئالماسلىق ئۈچۈن
قۇرۇپ كەتكەن لېۋىمنى چىشلەپ سالماسلىق ئۈچۈن
دەرەخلەر قۇرۇپ كەتتى جىمجىت
قۇشلار ئۈچۈپ كەتتى پەرىشان
ئەسلىمىلەر توزۇپ كەتتى غەمكىن
لەۋلىرىم قاناپ كەتتى ئامالسىز
ئىبراھىمنى كۆيدۈرۋاتقان ئوت ئۈستىگە سىپىلگەن.

قارلىغاچ ئاغزىدىكى بىر تامچە سۇدەك
ياكى پاتمىچۇق كامىردىكى يىڭنە ئۈچىلىك نۇردەك
بولسىمۇ بولمىسىمۇ بۇلىدىغان بىر ئىستەك
تۇرماقتا كۆڭۈلنىڭ سوغۇق پىشايۋىنىدا
باسقانچە تىترەك .

كېچىلەر ئىشىكىڭنى ھىم ئەت
بەر ماڭا بىر تال سۈپۈرگە
سۈپۈرۋېتەي ئاخىرقى تۇزانلارنى
خوشلىشايلى ئىككىمىز
قاخشىتىپ تۇرۇپ جېنىمىزنى
ياشنىتىپ تۇرۇپ ئازابىمىزنى
قۇچاقلىشايلى ئاخىرقى قېتىم

بەر ماڭا قاراڭغۇ ۋە چەكسىز
ۋاز كەچكۈچىگە ئوخشمايدىغان
ۋە ھېچكىم بولمىغان كارىدورىڭنى
ئۇ يەردىكى گۈللۈكتە
ياشاي قالاي ئۆزەملا يالغۇز
مۇشۇنداقلا خوشلىشايلى بىز.

2016.1.13  چىرا

* * * * * * * *

54. كېچە

## يار بارمۇ

يار بارمۇ چۆلدە ماڭدۇرۇپ ياياق ،
باغرى قان مەجنۇنغا ھەمرا قىلغۇدەك .
جەندىدەك نالىلىك يىرتىلىپ تۇرۇپ ،
تاملىرى ئىشقتىن ساراي سالغۇدەك .

يار بارمۇ سورىسام بىر تال يۇپۇرماق ،
مەن ئۈچۈن باھارنى باشلاپ كېلەرگە.
بىرەرمۇ قولىنى سورىماستىنلا،
مەن بىلەن بارغىلى غېرىپ چۆللەرگە.

يار بارمۇ قۇياشسىز كۈنلەردە قالسام ،
يۇلتۇزدەك يانارغا، قۇياش بولارغا .
ئىستىسەم بولۇشنى ئاسمان يا تۇپراق ،
يېنىمدا بەختتەك بىللە تۇرارغا .


يار بارمۇ ئازدۇرۇپ ئورمانلىقىدا ،
لېۋىنىڭ دارىدا بىرەرگە جاننى .
چېقىلسام ئەينەكتەك قىسمەت ئىچىدە،
تىرەرگە سىرغىتىپ مىڭ يەردىن قاننى .

يار بارمۇ مېھرى ھەم قەھرىنى بېرىپ ،
سۇدا تەڭ ئاقارغا ئوتتا كۆيەرگە .
ئەڭ تەلۋە ئەسەبىي سۆيگۈسى بىلەن ،
جېنىمنى قاخشىتىپ تۇرۇپ سۆيەرگە.

يار بارمۇ چوغ كەبى يالىلداپ تۇرۇپ ،
كۆكسۈمگە ھالرەڭلىك ئوقتەك پاتارغا .
كەل دېسە باغرىدا گۈلدەك ئېچىلىپ ،
ئايلانسام يار دېگەن بىرلا ئىسمغا .

2016.1.15 چىرا

* * * * * * * *



## 55. كېچە

## بىر ئاشىق ئۆلدى بۈگۈن

يۇلتۇزلارنى ياقا يىرتقۇزۇپ
گۈل بەرگىللىرىنى قاندەك ئاققۇزۇپ
يالغۇز ياتقان قارا دەريانى توختۇتۇپ
بىرىنى مىڭ تىغنىڭ ئۇستىدە ياتقۇزۇپ
بۈگۈن بىر ئاشىق ئۆلدى
نىتەي، بىر ئاشىق ئۆلدى.

چۆللەر نالە رەڭگىدە تىمتاس
تورغايلار سالماقتا قىقاس
ئاي ئاستى ئۆزىنى دارغا
كېپىنەكلەر قاناتلىرىنى يۇلۇشتى تامام
سۇلار يىغلىماقتا زار - زار
ئېيت نە بولدى دېدى دەرەخلەر
لېۋىنى چىشلىدى خىيالچان تاملار
بۈگۈن بىر ئاشىق......
نە تىل بارسۇن ئېيتقىلى .

بارلىق سەزگۈلەرنىڭ كۆزى كور بولسۇن
تىلى تۇتۇلسۇن
گاس بولسۇن

يۇلۇپ تاشلايلى تىترەپ تۇرسىمۇ قوللىرىمىز
ھەرپلىرى پارە - پارە بولغان ئۇ دېيىلمىلەرنى .

پەسللەر كەينىگە قايتسۇنمۇ
قۇياش ماتەم تۇتسۇنمۇ
چىڭقى چۈش يۈزلىرىنى تىلسۇنمۇ
ئۆلۈم كەلسۇنمۇ دەۋرەپ
بۇلۇتلار چۈشسۇنمۇ پەسلەپ
ئېيتقىلى بارسۇن تىل
بارسۇن ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى يېپىنىپ
بۇگۈن بىر ئاشىق ئۆلدى.

شاخلار ئۆزگە ئېسىلغان پېتى
يوللار ئۆزگە ماڭغان پېتى
ئاسمان يەنە شۇ جانسىز ئاسمان پېتى
قۇشلار سەرسان پېتى
قۇياش پەرىشان پېتى
قارىلىق كىيىملىرىنى كېيۋالغان قاغا
خىيالچان پېتى
يوقاتماقتا مەنىسىنى
بۇگۈن بىر ئاشىق ئۆلدى.

ئۇ كىمنىڭ قەلبىدە ياتار
كىمنىڭ سېغىنچىغا پاتار
ئۇنى كېلەرمۇ دەپ ئويلاپ

كىمنىڭ تاڭلىرى ئاتار، تاڭلىرى ئاتار .

ئۇنىڭ ئىشكى چېكىلەرمۇ
ئىسمى چاقىرلارمۇ
تېلىفۇنى مۇزدەك قاتارمۇ
گۈللىرى كىيىملىرىنى يىرتارمۇ
ئىزلىرى شامالدا ئۇچارمۇ
ھەممىسى بولار ياكى ھېچنىمە بولماس
بىر ئاشىق ئۆلدى بۈگۈن ......

2016.1.16. چىرا

* * * * * * * *

**56. كېچە**

## بىز جاۋابى بېرىلمەيدىغان

بىر سۆز بار سۆڭىكى تاشقا ئايلانغان ،
ئىككىمىز كىرمىگەن پەسىللەر ئارا .
بىر گۈل بار ئېچىلماس ياكى توزىماس ،
كۆز ياشتەك بەرگىدە غۇچچىدە يارا .

بىر يول بار كەتمەيدۇ ياكى كەلمەيدۇ ،

بىز ئۇندا ئازغان ۋە ھارغان يولۇچى .
بىز ئۈچۈن تۇرىدۇ چاڭقاق سۈكۈتتە ،
كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پاسىل سىزىقى .

بىر ئۆي بار كىرگىلى چىققىلى بولماس ،
يوق تاملار قىستايدۇ كۆلرەڭ ھاياتقا .
ئاسماننىڭ پەسلىشى بەلكىم بىز ئۈچۈن ،
ئەمما بىز مەھكۇممىز بىرلا جاۋاپقا .

بىر كاسە مەي كەبى چايقىلىپ تەقدىر ،
ئىچەيلى، ئىچمەيلى قىلار بىزنى مەس .
مۇزدەك گال پىچاقتا غىردىلىپ تۇرۇپ ،
مۇھەببەت قولىدا ئۆلمەك شۇنچە تەس .

كەلمەيسەن، بارمايمەن ئارىمىزدا قىش ،
ئەسلەش ۋە ئۇنتۇشنى تىكىمىز دوغا .
سۇئال بىز جاۋابى بىرىلمەيدىغان ،
ۋە ياكى سوۋغا بىز بىرىلگەن خاتا.

2016.1.19 چىرا

* * * * * * * *

## 57. كېچە

## يەكشەنبىدە ئىشلەش خاتىرسى

مېنى ئىچكۈسى كەلمىگەن چاي
قالار دومسايغىنىچە پىيالەمدە
زەردە بىلەن قارايمەن دە يەنە پەسكويغا چۈشىمەن
پەرۋاسىز چىكىلداۋاتقان سائەتكە.

ئاقارمىساڭ نە بولغاي ئاسمان
قىزارمىساڭ نە بولغاي ئۈپۈق
ئۇخلاۋەرسەڭ نە بولغاي قۇياش
يوللار بۇگۈن بولسىمۇ غايىپ بولساڭ

مۇز تەلەت دەرەخلەر
قۇرۇپ كەتسەڭچۇ بۇگۈن بولسىمۇ
مېڭەمدىن تۈشۈك ئېچىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار
ئېتىلىپ كەتسىچۇ ھەممە چاقلىرىڭ
قارغاشلىرىم قالار شۇ يېتى
قەدەملىرىم توختايدۇ يەنە
خالىمىغان قىزغىنلىق بىلەن چەكچىيىپ تۇرغان بىنا تاملىرى
ۋە چۈش كۈرۈۋاتقان ئىمتاھان قەغەزلىرى ئالدىدا .

يەكشەنبىدىكى ئىشلەشنىڭ خاتىرسى باشلىنىدۇ

رېئاكسىيە قىلىدىغان بارلىق شىرىن خىياللار
مېنى كۈتۈپ ھېرىپ قالغان دەم ئېلىش
قىزىمنىڭ تەلمۈرۈشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ
قالدۇ تۇزان ئاستىدا.

يەكشەنبە
مەن ئۇنىڭ رەڭسىز بەتلىرىنى سىلايمەن
نۆل گىرادۇسلۇق قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەۋېتىپ
خىيال قىلىپ قالىمەن تۇيۇقسىز
ئۆتۈپ كەتسە كىمدۇر بىرى
قولىدىكى سۆيگۈ خېتىدەك
مېنى تۇيدۇرماستىن تاشلىسا يىرتىپ
ئاندىن يەكشەنبە بولارمىدىكىن نىسىپ .

2016.1.17 چىرا

* * * * * * * *

58. كېچە

## بىز ھاياتقا يۈزلىنەيلى

ئەتىرگۈل رەڭلىك تومان ۋە
چۈش پەلەمپەيلىرىدىن سېيرىلىپ چۈشۈپ

ئۇرۇلغاندا سەپكۈن يۈزلۈك رىئاللىقتا
چېقىلغاندا بولۇت تەنلىك تاشلاردا
تۇزلۇق كۆزياش ۋە مۇزدەك خۇرسىنىش
بىزنى مېھرىبانلىق بىلەن باغرىغا باسقاندا
ھىس قىلىمىز ھاياتقا يۈزلىنىش كىرەكلىكىنى .

ئازراق بوياق بېرىلگەن دادىللىق
لېۋىنىڭ بىر تەرىپى قىيسىيىپ قالغان خۇشاللىق بىلەن
ئاۋازىمىزغا تۇس بېرىپ تۇرۇپ
دېمەكچى بولىمىز بىر جۈملە
بىر شۇئار ياكى بىر چاقىرىقنى
بىز......
ھاياتقا......
دەل شۇ ۋاقىتتا بوغۇزىمىزغا بىر نەرسە كەپلىشىدۇ
ئىچىمىزدە بىر يەر چىڭقىلىدۇ
بەتتام بىر سۇيۇقلۇقنى يۇتماقچى بولىمىز
ھاياجان بىلەن داۋاملاشتۇرىمىز
يۈزلىنەيلى......
توختاپ قالغان كونا تام سائىتىدەك
موزىيخانىغا يارىماي قالغان كونا گېلەمدەك
ۋاختى ئۆتكەن زۇكام دورىسدەك
ئالىلقانداق ھىسيات ۋە قىياپەتلەرنىڭ ئۇرالمىسىدا
ئۆزىمىزنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشقان پېتى
ھاياتقا يۈزلىنىشنى باشلايمىز.

بەلكىم سۆيگۈ دېگەن داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپتۇر
ۋە بەلكىم گۈللىرى ئۆچۈپ كەتكەن چاقتۇر
شاخلىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن قاشا بولۇشىمۇ مۇمكىن
نىمە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر
بىز ئۇنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ
تولىمۇ سۆيۈملۈك ۋە رەزىل بۇھاياتقا
يۈزلىنىشىمىز كېرەك ئاخىر
يۈزلەنمىسەكمۇ
قىلىدىغان ئىشىمىز شۇغۇ بەرىبىر .

2016.1.21 چىرا

* * * * * * * *

### 59. كېچە

## جىگدە كېسىش

مەن ئۇ جىگدىلەرنى كېسلمەيدۇ دەپ ئويلايتتىم
مەنچە بولسا ئۇ يەرگە ھېچكىم بارالمايتتى
موخۇركىسىنى پۇرقىرتىپ تۇرۇپ
چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن تۈكۈرۈپ چىرتتىدە
مۇزلاۋاتقان قوللىرىنى ھورداپ تۇرۇپ
بېزەك چاخچاقلىرىنى قىلىشقاچ

شۇنچىلىك پەرۋاسىز ھالدا
كېسەلمەيتتى ئۇ جىگدىلەرنى ئەسلا.

ئۇ جىنلارنىڭ ئوردىسى ئىدى
باغجانلاپ كەتكەن نەچچە يىللىق چىگىلەكلەرنىڭ ئارىسىدا
كېچىسىدائىم توي قايناپتتى
ئۇ يەردە موماممىنىڭ چۈشكە تولا كىرىدىغان
بىرلا ئايال ياشايتتى جىنلىرى بىلەن.
يىلىم كولاشنى مەن شۇ يەردە ئۆگەنگەن
قوشنىمىزنىڭ قارا قاش بالىسى
ماڭىلا كولايتتى يىلىملارنى
سېغىزدا قاچا ياساپ بېرىپ جىنلارغا.

مەن جىگدىلەرنىڭ پىچىرلىشىنى شۇ يەردە ئاڭلىغان قورقۇپ تۇرۇپ
جىگدە چىچىكىنى شۇ  يەردە ھىدلىغان
قىزىرىپ تۇرۇپ.

موماممىنىڭ چۆچىكى تۈگەي دېگەندە
يىلىم پۇراپ تۇرىدىغان سىكىلەكلىرىمدىن
ئوسما يۇقى كەتمەيدىغان ئېتەكلىرىمدىن
كىتىپتىمەن تۇيمايلا يىراقلاپ .

موماممىنىڭ كىچىككىنە چۆچىكى
يىلىم سېغىندى كۆيگەن چاچلىرىمدىن سەسكىنىپ.
جىگدىچى قۇشقاچتەك ئۇچتۇم

قەلبىم ئەلەمدە ئۆرتىنىپ .

قېنى قېنى ئۇ شاھ جىگدىلەر
تۈمۈر تەنلىك كۆمۈش ياپراقلىق
مۇنسى ياقۇت، گۈلى خۇش ھىدلىق !
جىگدىلەر قەبرىستانلىقى
ياتاتتى ئاي نۇرىغا پۈركىنىپ
يىغا ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ
تۇرۇپ قالدىم تېنىم شۈركىنىپ .

جىگدىچى قۇشقاچ نەدە توي قىلىدۇ
قۇرت - قوڭغۇزلار نەدە سايىدايدۇ
بۇلۇتلار نەدە ئارام ئالىدۇ
گۇگۇم نەدە ئۇخلايدۇ
مومامنىڭ تەۋەررۇك چۆچىكى
مەندىن ئاستا يىلىم سورايدۇ.

جىگدە كېسىش
قوُم ئەرۋاھلىرىنى چاقىرىش ئەسلى
نەزىر قىلىپ تەكلىماكانغا
توپا ياغدۇرۋاتقان يەتتە ئاسمانغا .

2016.1.21 چىرا

* * * * * * * *

## 60. كېچە

## كۆندۈم

كۆنگىنىم سېنىڭسىز تاتارغان كېچە
ۋە چەكسىز كۈتۈشلەر تاشلىغان قاسراق .
ماڭغىنىم سەن ئاياغ باسمىغان يوللار ،
قالغىنىم قاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك پىراق .

گۈللەرسىز باھاردا قالدى كېپىنەك ،
چېچەكسىز شاخلاردا غۇچچىدە دەرتلەر .
كۆندۈرۈپ ھەممىنى يەنە سەنسىزلىك ،
بىناۋا پەسىللەر كېلەر ھەم كېتەر .

ئۇچىدۇ ھەريانغا سەرسان يوپۇرماق ،
سىرغىيدۇ يۇلتۇزلار سېنىڭسىز كۆكتىن .
تەشۋىشىنىڭ گۈللىرى چاچماقتا خۇش ھىد ،
ئۆتتا مىڭ خۇرسىنىش، كۆيمەكتە غەمكىن.

مەن ئۈچۈن كۆكلىدى بىر تۈپلا دەرەخ،
مەن ئۈچۈن بىرلا قۇش سايرىدى ئۈنسىز .
سەن كەلمەي ئۆتتى نى كۈنلەر سارغىيىپ ،
مەن كۆندۈم ھەممىگە يەنىلا سەنسىز .

2016.1.23 چىرا

* * * * * * * *

## 61. كېچە

### مەن بىر پارچە مۇزىكا

مەن بىر پارچە ھالرەڭ مۇزىكا ،
ئېقىۋاتقان كېچەڭنى بويلاپ .
باشلىنارمەن تەنھالىقىڭدىن ،
يەنە سەندە قالارمەن توختاپ.

ئېقىپ ئېقىپ تۆگەر سېغىنىش ،
ئىرىمەكتە قاپقارا ئاھاڭ .
بارمىقىڭدۇر قەبرىستانلىقىم ،
مېنى ۋەيران قىلسەن ھامان .

مەن ئۈزۈك تار ئەۋجىدىكى كۈي ،
بۇلدۇقلىغان ئازابقا ئوخشاش .
ئېزىقسەن ھەر بىر بۆلەكتە ،
قىسمىتىمىز بىر يىپقا تۇتاش.

تەنھالىقىڭ يەنە بىر يۈزى ،

جەلپكار ھەم شۇنچە پەرىشان .
قىلىپ تۇرۇپ ئۆزەمنى چۇل - چۇل،
چېلىنارمەن يەنىلا لەرزان .

2016.1.25 چىرا

* * * * * * * *

62. كېچە

## ئايلانغان سۆزلەر دەرىخى

بىز تالاي كۈنلەردىن كەتتۇق يىراقلاپ ،
كۈتۈشلەر سارغىيىپ قالدى شۇ پېتى .
مىڭ يىللىق يول ياساپ قويدۇق پەرۋاسىز،
قاخشالغا ئايلاندى سۆزلەر دەرىخى .

بوي تارتتى تاملارنىڭ پەرىشانلىقى ،
كېچىنىڭ سۇئالى قالدى جاۋاپسىز.
سەن ئەمەس ئۆزەمدىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ ،
ياشاشقا مەجبۇرمەن جانسىز ،ئازاپسىز.

توزۇشنى خالىدى گۈللەر بىز ئۈچۈن ،
بىزنى دەپ ئاقماقتا قۇيقۇرۇق دەريا .

قارلىغاچ باھارسىز، باغلار ئىپارسىز ،
شۇندىمۇ بىز يەنە بولۇشتۇق جۇدا .

قاخشالغا ئايلانغان سۆزلەر دەرىخى ،
بۇ قەدەر جىملىقتىن يېرىلماقتا تام .
بىز كىرىپ قالغىنى بارسا كەلمەس يول ،
قالغىنى تاقىتى تۈگىگەن ياشام .

كېتىسەن ھىسياتسىز تاشقا ئايلىنىپ ،
ئۇندىمۇ يوللاردا چىرايلىق ھەسرەت .
كېتىمەن قاناتسىز قۇشتەك بىقۇۋۇل ،
قۇياشقا خوش ئېيتىپ ئەڭ ئاخىرقى رەت .

2016.1.26 چىرا

* * * * * * * *

63. كېچە

## مەست سۆزلەر

مەست سۆزلەرنىڭ بىردەملىك پاتپاراقچىلىقىدىن كيىن
شەيئىلەر ئۆز ماھىيىتىگە جايلىشىدۇ
سارغايغان سۇلار ۋە ھالىدىن كەتكەن دەرەخلەر

كۈيلىشىدۇ يىراق بىر ۋاقىتنى
سېغىنغانچە چوڭقۇر ۋە سوغۇق .

سۆزلەرنىڭ قولىدىكى قەدەھ چېقىلغان
قايسى شەكىلگە كىرگۈسى كەلسە كىرگەن
نىمە دېيىلگۈسى كەلسە دېيىلگەن
كىنولاردىكى ئۆلۈكلەردەك بىردەم ئۆلگەن
بىردەم تىرىلگەن
قۇرت يەپ تۈۋىگە چۈشۈپ كەتكەن قۇتۇر ئامۇتتەك
كىرىكى قالمىغان
ياكى سۇلايماننىڭ ئۈزۈكىدەك تىلسىملارغا ئىگە بولغان.

دەرەخ ۋە سۇلار ئۇنتۇلىدۇ
ئۇنتۇلغاندەك بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم.
قالىدۇ تېخى كەيپىدىن يېشىلمىگەن سۆزلەر
يار نەپسىدەك ئوتلۇق
كېپىنەك قانىتىدەك نازۈك
قىزىل گۈل بەرگىدەك ئۇياتچان
گۈلەخ چوغلىرىدەك مېھرىلىك
چىلان شوخىسىدەك قەھرىلىك
ياربيار هارۋېنىڭ چاقىدەك قوپال......
مالىمانچىلىق تۈگەيدۇ سىلىق ئاھاڭدا
سۆزلەر ئۇخلايدۇ جىمجىت ئىككى قىرغاقتا .

داۋاملىشار ئەگىز سۈيىدەك كۈنلەر

ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ھامىيلىقىدا
مېنى تەكرار يول ماڭدۇرۇپ ھاياتتا .

2016.1.27 چىرا

* * * * * * * *

**64. كېچە**

## قىزىل رەڭلىك مېڭە قېتىقى

ماشىنا چاقى ئەزەلدىن ئۆلۈم رەڭگىدە سىرلانغان
گۈللىرى ماتەم پۇرىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئۇمەيلى قانچىلىك چۆرگىلىسۇن تىرىكچىلىك ئۈچۈن
بىر بولۇڭى كۈن پېتىشقا قارىتىلغان .

ئۇ بالىنىڭ ئاخشام چۈشى بۇزۇلمىغان بولغىيمىدى
ئانىسى ئىسرىق سالمىغان بولغىيمىدى
ھېلى كۈرۈشەيلى ئانا دېمىگەن بولغىيمىدى
بۇ جەريانلار مەيلى بولسۇن بولمىسۇن
مەن ئاق رەڭلىك دەپ ئويلىغان مېڭە قېتىقى
قىزىل گۈلنىڭ بەرگىدەك سۇلغۇن
قىيالماسلىقتەك ئېغىر بىر ھالەتتە

بۇ  قۇياش پارلاشنى خالىمىغان ئاسمانغا
داۋام ئىتىۋاتقان ھاياتقا قاراپ ياتاتتى
توغرا، قىزىلغىنە گۈل بەرگىلىرى
ئۆلۈم رەڭگىدىكى قاپقارا يولدا
يۇمدۇرۇشقىمۇ ئىمكان بولمىغان كۆزلەردەك
جىمجىت بەكمۇ جىمجىت ھالدا
سوغۇق شامالاارنىڭ سىيلاشلىرىدا
ئاستا ـ ئاستا قاتاتتى.

تېخى باياتىنلا چاچلىرىمنى يەلپۈتۈپ
ھال رەڭلىك چاپىنىمغا سۈركۈلۈپ  ئۆتۈپ  كەتكىنى
ئۆلۈم ئىكەن ئەسلىدە .

بەلكىم  نۆۋەت مېنىڭ ئەمەس بولغىيدى  ھازىرچە.
شۇنداقتىمۇ  ئىچىمگە پاتماي قالغان قورقۇنىچ بىلەن
شۈركىنىۋاتقان، جۇغۇلداۋاتقان تېنىمنى سۆرەپ
قايتتىم ۋاقتىنچە ھاياتنىڭ ۋەسلىگە.
سىزىمنى يوقاتقان قوللاردا تېرىلىۋاتقىنى
كۆز قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالغان
قىزىل رەڭلىك مېڭە قېتىقى......

2016.1.27  چىرا

*  *  *  *  *  *  *  *

## 65. كېچە

## مەن باھار كۆكسىدە كۆيگەن يۈپۈرماق

كاككۇكنىڭ چاكۇ - چاك بولغان ئاۋازى ،
ئويغىتار تۈندىكى يېشىل پىراقنى .
غۇنچىنىڭ قاتمۇ - قات تۈگۈلگىنى سىر ،
كىم سورار مەن كەبى قۇرۇغان شاخنى .

كۈتۈشلەر قۇياشسىز خارابىلىكتە،
ئارمانلار لېۋىگە ياتار باش قويۇپ .
سەنسىزلىك جېنىمغا پاتار بىمالال ،
يوقلۇقۇڭ تۇرماقتا چىرايلىق ئويۇپ .

باھارنى كېلىدۇ دېدى قارلىغاچ ،
بەلكىم سەن باھاردىن كەتكەنسەن چىقىپ .
چۈۋۈغان چېچىمنى قويدۇم شۇ پېتى ،
يىغلاڭغۇ ئەينەكنى قويدۇم  ھەم تىقىپ .

ئاقمەن تېخىچە سۇسىز دەريادا ،
ئەمدى كەل دېمەيمەن كەتكىن كەت يىراق.
كاككۇكنى قوندۇرۇپ قاخشال شېخىمغا،
مەن باھار كۆكسىدە كۆيگەن يۈپۈرماق.

2016.1.28 چىرا

* * * * * * * *

66. كېچە

## بىر ئاسمان ۋە بىر ئادەم

بىر ئاسمان ماڭا يانتۇ قاراۋاتقاندا
تەلەپ قىلىنمايدۇ ئۇنىڭدىن ھېچنمە .
ئۆزەمنى ئىسپاتلىشىم بەلكىم بىھاجەت ،
مەۋجۇت ئەمەس ھەم ھېچقانداق ئىدىيە.

شامالالار مەندىن ئەركىن ئۇچۇۋدۇ ،
قورشاۋ تاملار كەتكەن خېلىلا يىراق .
مەن ھەتتا بېشىمنى يەرگە قۇيۇپ ماڭالايمەن،
ھېچكىمدىن بىسوراق .

زىرىكىشتىن پەسلەۋاتقان ئاسمان،
چەكسىزلىككە پېتىۋاتقىنى بىر ئادەم .
ئاندىن ئىككىسى بىرىكىپ كېتىدۇ
سىڭىشكەنچە كۆلرەڭ گۈگۈمغا دەممۇدەم.

ئاسمان ۋە ئادەم توغرىسىدىكى ھېكايە

ئىگە بولمايدۇ تۇگۈن ۋە يېشىمغا.
دوملايمىز خالايلى ياكى خالىمايلى ،
ھاياتنىڭ يىرىك ۋە نەمخۇش ئالقىنىدا .

ئاسمان، ئۇ ئىدىيەسىز بىردىنبىر ماكان .
ئادەم ياشىيالمايدۇ ئۇنى سۆيگەن بىلەن.
ئېتىپ قۇيۇپ يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىنى،
ئىككىسى سۆيۈشىدۇ ئۇچرىشىپ پىنھان .

2016.1.28 چىرا

* * * * * * * *

67. كېچە

## بىز ئۇخلاشنى كىچىكتۈرەيلى

نۇرغۇن تۈن دەرەخلىرىنى قايتا تىكىمىز ھەركۈنى
ۋە ئۇنىڭ ئۇنىڭ ئىچىنى چۆۋۈپ كۆرۈپ باقىمىز
ساقايماس جاراھەتلەر ئۇ يەردە ياشايدۇ
ئەمما ئادەملىككە دەخلىسى يوق ئېھتىمال .
سۆيسەكمۇ ، نەپرەتلەنسەكمۇ
كۈلسەكمۇ ، يىغلىساقمۇ
بەرسەكمۇ ، ئالساقمۇ

ئۇخلاش ئالدىدا تۈگەيدۇ ھەممە .

تۈن دەرەخلىرى تېخى يۇرۇمىدى ئەپسانىلەردەك
چۈشلەر تېخى بويىغا يەتمىدى
بىز كۈندۈزنىڭ ھازا قۇشاقلىرىنى ئاڭلىغاچ
ئۇخلاش ۋاختىنى قىينىماقتىمىز قەستەن .

سۆيگۈ بىلەن قارىشىپ ئولتۇرىمىز
بىر ئىستاكاندىن ھايات ناملىق چاي ئىچىمىز ئالدىرماي.
ئاندىن كىمنىڭدۇ يىلتىزسىز گۈللىرى
ۋە ئۇچماس كەپتەرلىرى ھەققىدە
ئۇزۇن خىياللارنى سۈرىمىز.

يەنە يەنە ۋاختى كەلمىدى
ئۇخلاش ۋاختىنى كېچىكتۈرەيلى
يىگى خاتىرلەرنىڭ يېزىلىشى
يىگى ئەپسانىلەرنىڭ ئۈنىشى، بېخلىنىشى ئۈچۈن.
بىزگە قاراپ ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنى
قىزغىن ھالىتىمىز بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن
نۇرغۇن نۇرغۇن مەنىسىز ۋە مەنىلىك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن
كۆزىمىزنى يۇمۇپ
ئۆزىمىزنى ئەركىن قويۇۋېتىپ
ئادەتتىكى بىر ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن

كىتابلارنى ۋاراقلاپ قۇيايلى مەخسەتسىز

يۇلتۇزلارغا قاراپ قويايلى
خىياللىرىمىزنى چېچىپ باقايلى
ئاندىن بىر يەرگە يىغىپ قويايلى
نىملا بولمىسۇن ئۆلۈمنىڭ يېرىمىنى
كېيىنگە سۈرەيلى تەمكىنلىك بىلەن.

2016.1.29 چىرا

* * * * * * * *

**68. كېچە**

## قورشاۋ

نىمىدىندۇر خۇدۇكسىرەيمەن
ئىچىمدىكى قورقۇنۇچلارنى يۇشۇرماقچى بولىمەن كىمدىندۇر
ساختا ۋەسۋەسىلەر ئارىسىدا ياشايمەن يەنە
كىچىكلىكىمدە يۇندا تۆككەن يەردىن مېڭىپ باقاتتىم
قورقۇپ تۇرساممۇ
يالغۇز تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ باقاتتىم

قوقاق بېسىپ كەتسىمۇ ئېغىز بۇرنۇمنى
ئوت ئوينىغىلى ئامراق ئىدىم
تېنىم كۆيۈكتىن شەلۋەرەپ تۇرسىمۇ

39 يىل بوپتۇ
تۆرلۈك قورقۇنۇچ ئىچىدە
ھەر خىل رەڭلىك تاملارنىڭ قورشاۋىدا
قورقۇپ تۇرۇپ قورقماي ياشاۋاتقىلى.

مېنى تۆرلۈك نەرسلەر قورشاپ تۇرىدۇ
ئۆزۈمنى ئۇرۇپ بېقىپ گىرۋەكلىرىگە
لەخمە كولاپ بېقىپ ئاستىدىن
چۈۋۈپ بېقىپ شورىللىرىنى
بېشىمنى تىقىپ بېقىپ ئاراچلىرىدىن
تىركىشىپ تۇرۇپ
سۆيۈنۈپ تۇرۇپ
يىرگىنىپ تۇرۇپ
باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ
چاچلىرىدىن يۇلۇپ تۇرۇپ
كۆزلىرىگە چۆكۈپ تۇرۇپ
ياشاپ كېلىۋاتىمەن شۇ قورشاۋلار ئىچىدە.

قورشاۋنىڭ رەڭگى پەقەتلا ئىككى
ھايات ۋە مامات رەڭگىدە .
بۇ رەڭلەر سۈلكىتىدە
مەن چېقىلىدىغان بىر نۇر
ئېچىلىدىغان بىر گۈل
تۈگەيدىغان باياۋان
ئۇخلايدىغان تاغ

ئەسلىگە قايتىدىغان تۇپراق
ئاخىرلىشىدىغان پەسىل .

بۇ رەڭلەر پاراغىتىدە
ئۆكۈنمەيدىغان ئەخلاق
گۇللىمەيدىغان تەن
يۇرۇمايدىغان قاراڭغۇ
ئۆچمەيدىغان ئوت
چىقمايدىغان شامال
بېخسىمايدىغان ھاۋا
ئەسلىگە سادىق تۇپراق
مەن يەنە مەن .

2016.1.31 چىرا

* * * * * * * *

69. كېچە

## سىزىق

ھاياتىنكى نۇرغۇن سىزىقلار
كېسىپ ئۆتىدۇ مېنى ھەر زامان .
ئۇلار ھەرخىل ئۇچرىشىش نوقتىللىرىدا

بولۇڭلارنى ياسايدۇ شادىمان .
مەندە رەڭلەردىن قورقۇش پسخىكىسى شەكىللەندى تويۇقسىز
بەش خىل رەڭ
پەقەتلا بەش خىل
ئۇلار ھەممە تەرىپىمگە ھۆكۈمران .

ئېزىلگەن ئانار دانچىللىرىدەك قىزىل
مىڭبىر كېچەمدەك قارا
كۈتۈشلىرىمدەك يېشىل
ئىنتىزارلىقىمدەك سېرىق
قايتىشلىرىمدەك ئاق.

مەن دائىم بۇ سىزىقلارنىڭ شولىسىدا تەمترەيمەن
قوللىرىمنىڭ بىر چاغدىكىدەك تەرلەپ كەتكەنلىكىنى
قاياققىدۇر قېچىپ كېتىشىم
گىرۋەكلىرىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈشۈم كىرەكلىكىنى ئويلايمەن

نۇرغۇن ۋاقىتلاردىن كىيىن
قالايمىقانلىشىپ كەتكەن كۈندۈزلەر ئارىسىدا
تېخىچە قىستىلىپ يۈرگەنلىكىمنى بايقايمەن
دەرىجىسى تۆۋەنلەۋاتقان پىسخىكام ئىچىدە.

سىزىقلار سىزىلغان ھاياتتىن تا ماماتقىچە
بۇ بەش خىل رەڭلىك سىزىق
مېنى يازىدۇ يىرتىدۇ

ئىچىدۇ ئارقىدىنلا ئۇسسايدۇ
تېرىۋالىدۇ ئاندىن چاچىدۇ
بارلىقىمدىن ۋە يوقلۇقۇمدىن دېرەك بېرىدۇ

شۇنداق قىلىپ ھەممە پەسىللىرىمدە
ھەممە جايلىرىمدا تىمتاس ئاقىدۇ.
يەنە ئاۋايلاپ كېتىپ بارىمەن
ئاشۇ چەكسىز سىزىقلار ئىچرە.

2016.2.1  چىرا

* * * * * * * *

## 70. كېچە

## سۈكۈت

ئىككىمىز سۈكۈتنىڭ مەركىزىدە
ياكى ساختا كۆرۈنىشىدە
ئولتۇرىمىز تۈتەكلەپ تۇرۇۋاتقان ياشامغا قاراپ
ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھەركىتىمىز بىرلا
دېيىلمەيدىغان نۇرغۇن سۆز بىرىكمىللىرىنى
تاشلايمىز ئۈچەي دەپ قالغان گۈلخانغا
ئاندىن ئۇنىڭ قۇيۇق ئىسلىرىدىن

ئاچچىق ھىدىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئالىمىز نەپەس.

سۈكۈت ھېچنىمىنى ئىسپاتلىمايدۇ ياكى
ھەممىنى ئىسپاتلايدۇ رەھىمسىزلىك بىلەن
پەقەت بىز ئۇنى خالىغانچە تىكىمىزدە
كىيىۋالىمىز
تۇيغۇلىرىمىز مۇزدەك ھەم لەۋەن .

دېيىلمەيدىغان سۆز قالدۇقلىرى
چېچىلىپ ياتىدۇ ھەممىلا يەردە
قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىمىز
دەسسەپ سېلىشتىن خالى بولالمايمىز يەنە
ئۇ ئۈنۈپ چىقىدۇ ئويلىمىغان پەرەزلەردىن كېيىن
بىزدىن يىراق تەسكەيلەردە،
شۇنداق  قىلىپ دەز كەتكەن سۈكۈت مەركىزىدىكى ئىككىمىز
قايتىمىز غۇۋالىشۋاتقان ئەسلەرگە.

چىرا  2016.2.1

* * * * * * * *

## 71. كېچە

# تاش كېچە

مەن سېنىڭ شەلۋەرىگەن ياراڭ كەبى،
ۋە ياكى لەيلەپ يۈرگەن يوپۇرماقتەك .
تۇرىمەن ئەسلىرىڭنىڭ بىر شېخىدا ،
ھامىنى ئۈنتۇلۇشتىن بېرىپ دىرەك .

ھىجراننىڭ ئالتۇن رەڭلىك قانىتىدا ،
مەي باغلاپ ئولتۇرىدۇ ئىككى كۆڭۈل .
غېرىپلىق تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ،
كېچىنىڭ ئىشكىگە تاشلار ئۈدۈل .

كۈتۈشلەر ئاق يېغىنغا ئايلىنىدۇ ،
تاش كېچە تورار يەنە مۇزدەك  پېتى .
خىلۋەت ھەم چوڭقۇر يەرگە كۆمۈلدى چوغ،
بۇ قەدەر تەنھالىقنىڭ بارمۇ چېكى .

سەن مېنىڭ بارسا كەلمەس يولۇمدۇرسەن ،
مەن سېنىڭ ساقايماسقا قالغان ياراڭ .
بارىمىز ئەڭ ئاداققى پەيتلەرگىچە ،
بەرمەستىن بۇ ھاياتقا قىلدەك ئارام .

2016.2.3 چىرا

* * * * * * * *

72. كېچە

## گۈلنىڭ ئاۋازى

كەتمەكتە ئايلىنىپ سوغۇق تومانغا ،
سۈكۈترەڭ ئېچىلغان گۈلنىڭ ئاۋازى .
ئامالسىز ئۆزگە قايتقان كېچىدە ،
كۆيمەكتە گۆرۈلدەپ گۇناھ پەرۋازى .

ھېچكىمنى كۈتمىگەن باھارسىز باغدا ،
بىر ئايال ئۆزگە تىغدەك ياتىدۇ .
خارلىققا يانمۇ - يان تۇرغان دەملەرنىڭ ،
تېگىدە بىر تالاي دەرتلەر ياتىدۇ .

دەرەخلەر تۇرماقتا قاراڭغۇ پېتى ،
كوچىدا لىققىدە ئاقار يالغۇزلۇق.
قالغىنى پەرۋاسىز سوغۇق شامالدەك،
بىر يالغان ھېكايە ئىچى قوپقۇرۇق .

مىڭ پارە بولغىنى گۈلنىڭ ئاۋازى

ۋە ياكى ئۆزگە پاتمىغان ئايال .
بىرىنى قوقاسقا كۆمۈپ قويغانچە ،
بىر ئادەم ياشايدۇ يەنە بىمالال .

2016.2.4 چىرا

* * * * * * * *

## 73. كېچە

### مەيلىلا

بىلمەيسەن بۇ سۆزۈمنى
مېنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئاۋازدا
تەمكىن ھالىتىمنى ساقلاپ
سەن ئويلاپ باقمىغان قەتئىيلىك بىلەن
قوللىرىمنى سىلكىگەن پېتى
دەۋېتىپ بۇرۇلۇپلا كەتمەكچى بولغىنىمنى .

شاماللار سېنى كەتمە دېيەلمىگەندەك
باشقا بىرىنىڭ يېنىغا بېرىشىڭنى توسيالمىغاندەك
ئاخىرقى تاللىشىڭنى ئۆزگەرتەلمىگەندەك
قەدەملىرىڭنى ئېلىپ قالالمىغاندەك
مەن كېتىشىڭگە قاراپ تۇردۇم ئۈنسىزلا.

مەيلىلا دېيەلىدىم مېڭىبىر تەسلىكتە
بوغۇزۇمغا كەپلەشكەن بىر ئەلەمنى
يۇتۇپ تۇرۇپ زەھەر يۇتقاندەك
يۈرىكىمنى قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇپ ئاستا تىتقاندەك
گويا بۇ ئۆمرۈمنى بىر ـ بىرلەپ يىرتقاندەك.
مەيلىلا جېنىم ،
كەتكۈڭ بولسا
سەن ماڭا قالدۇرغان ئازابلار
سارغىيىپ كەتكەن ئۈمىدسىزلىك
پارە ـ پارە بولغان كېچىلەر
ھېچنىمىسى قالمىغان كۆڭلۈم بىلەن
مەن يەنە ياشايمەن
سەن بىلەن بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ
ئۆزۈمگە ئېشىپ قالغان تەنھالىقىم بىلەن.

ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچىنى ئۇنتۇپ قالامسەن
چىسلاغا نەچچە ئىكەنلىكىنى تەستە ئەسكە ئالامسەن
كىچىك ۋاختىڭدا كۆرگەن چۈشۈڭنى ئەسلىيەلمەمسەن
مەنمۇ دەل ئاشۇ ئۇنتۇلغانلار قاتارىدا
ياشاۋاتىمەن يەنە
ئەسلىرىڭدىن يىراق بىر جايدا.

2016.2.5

* * * * * * * *

## 74. كېچە

### مۇھەببەت دەپ ئاتىدۇق

تالاي يامغۇرلۇق كۈنلەر ئۆتتى شۇندىن بىرى
تالاي ئورمانلار قار ئاستىدا ئۇيقۇدا
مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ئاشۇ يوللار
كېسىشمەيدۇ مەنزىلىڭ بىلەن بىر نوقتىدا.

ئېزىپ قالساقمۇ ھەتتا
كۈپكۈندۈزدە
ئۇچراشمايمىز بۇ بىر مۇئەمما
بۇ مۇھەببەت بىز ئۈچۈن ئەمما .
گۈللەرنىڭ توزۇشىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق
قۇشلارنىڭ قايتىشىنى ھەم
نى تېپىرلاشلارنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق
بولالمىدى يارىمىزغا مەلھەم .

ئايرىلىش ئەڭ گۈزەل سۆز  بولدى ئېھتىمال ئۇچراشماي تۇرۇپ
بىزنى سايىسىدە كۈتكەن دەرەخلەر
كەتتى قۇرۇپ .
قولۇڭ ئىسسىقمۇ ـ سوغۇقمۇ بىلمىدىم
تىنىقلىرىڭغا سىڭمىدىم
نىملەر بار  ئىدى باغرىڭدا

مەن ئۈنىڭغا ئەسلا سىغمىدىم
كەتكەن پېتى ئىككى تەرەپكە
چىشلەپ تۇرۇپ لېۋىمىزنى چىڭ
بىز بۇنى مۇھەببەت دەپ ئاتىدۇق .

بىز ياشاۋاتقان ئىككى قۇتۇپ
بەلكىم بىر - بىرى بىلەن خوشنا
كېچىلەر هال مۇڭ بولىشىدىغاندۇ
ئوخشاش ئاسمان ئاستىدا .

بىز ئۇچراشماي ئۆتىمىز نىچۈن
ياساپ قويۇپ ئارىمىزغا تام
كۆكلەپ - كۆكلەپ قۇرارمۇ ئاخىر
بىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى چىدام .
ھەيران بولۇپ قارىدى ھەممە
ھەيران بولۇپ سورىدى ھەممە
بىز بۇنى مۇھەببەت دەپ ئاتىدۇق.

2016.2.6 چىرا

* * * * * * * *

## 75. كېچە

### باھار بولۇپ كېلەرمۇ دەپ

ئېقىپ - ئېقىپ تۈگىمىدى قاراڭغۇلۇق ،
قۇرۇپ - قۇرۇپ يەنە دەريا ئېشىپ قالدى .
شورلۇق كاككۇك تال شېخىدا كۆيمەكتە جىم،
پايانى يوق پىراق دىلغا ئۇۋا سالدى .

چوغلانماقتا سەنسىز كەلگەن ھەر بىر ئاخشام ،
نىمە دېدىڭ يوللار قايتتى كۆزىدە ياش .
قىزىل گۈلنى سېلىپ قۇيۇپ قوقاس ئىچرە ،
سەن قەيەردە قاي غۇنچىغا بولدۇڭ قاياش .

سېنى ساقلاپ كۈنلەر بولدى قاغجىراق چۆل،
كۈتۈپ - كۈتۈپ دەرەخلەر بوي تارتتى ئىگىز .
سارغايغانچە ئۇۋۇلماقتا ئىتىكىمگە ،
ساڭا ئاتاپ يىپقا تىزغان تىزىق مېغىز .

قۇشلار گاچا، چۇچۇلدۇر ئورمانلىرىم ،
قوياش قاتتى يەنە كۈتۈش سىزىقىدا .
سېنى بىر كۈن باھار بولۇپ كېلەرمۇ دەپ ،
ماكان تۇتتۇم قىزىل گۈلنىڭ قات - قېتىدا .

2016.2.7 چىرا

* * * * * * * *

## 76. كېچە

### تىزىملىك

گ بىلەن باشلانغان بىر ئىسىم
نۇرغۇن تىزىملىكلەردىن ئورۇن ئالغان
ئەڭ باشتا ئەڭ ئاخىرىدا ياكى ئوتتۇرىدا
ئىككى دولۇمدىكى ئىككى پەرىشتىمۇ
گ ھەرىپىنى يازارمۇ
ياخشى يامان ئەمەللىرىمنى خاتىرلەش ئۈچۈن
مۇنكىر ـ نەكىرلەر نىڭ تىزىملىكىدە
مەن شەكسىزكى بار مەلۇم بىر ئارىلىقلاردا
دىمەك مېنىڭ ئېسمىم چۇقۇم تىزىملانغان
يوقلىمىلاردا، ئىمتاھانلاردا، تۈرلۈك رەڭدىكى كىنىشكىلەردە ،
تونومىسىمۇ يېزىلىۋىردىغان
توي باغاقلىرىدا ۋاھاكازالار .

بەزىدە ئۈنلۈك چاقىرلىدۇ
بەزىدە باھار سۈيىدەك ئىللىق
بەزىدە قەھىرلىك توۋلىنىدۇ

بەزىدە شۈنچىلىك يۇمشاق .
مەن تىزىملانغان بۇ ئىسمىدىن خۇرسەنمەن
ئۇ پەقەت 32 ھەرپىنىڭ مەلۇم قىسمىدۇر
مەلۇم بىر مەنا يۈكلىمىسى بىلەن مەۋجۇت ھەردەم .

بەلكىم بىر چاغدا ئاغرىپ قالارمەن ئەجەللىك
دوختۇر تىزىملايدۇ ئىسمىمنى ،
بەلكىم قاتناش ھادىسىدە ئۆلۈپ كېتەرمەن
كۆزلىرىم ئۇچۇق پېتى
يەنە مېنىڭ شۇ ئىسمىم تىزىملىنىدۇ .

بەلكىم مەن تۈرمە تاملىرى ئىچىدە
يەنە تىزىملانغان ئىسمىمنىڭ چاقىرلىشىنى كۈتەرمەن
بەلكىم ـ بەلكىم يەنە نۇرغۇن ئىشلار
تويۇقسىز ياكى ناھايىتى ئاستا يۈز بىرىپ قالار .

ئاشۇ چاغلاردىن كىيىن
تىزىملانمىغان بىر ئىش توغرىسىدىكى
قوزغىلىپ تۇرغان كۆڭۈل ئاغرىقىمنى يۇشۇرۇپ، ئۇنتۇپ
ساقلارمەن ئەڭ ئاخىرقى تىزىملىكتىكى ئىسمىمنىڭ نۆۋىتىنى .

2016.2.7 چىرا

* * * * * * * *

## 77. كېچە

# كېلىشىڭ يالغان

بولۇتلاردىن تۆكۈلەر جىملىق ،
ئۈسۈل ئوينار ھەريانىدا خازان .
ئېچىلىشنى رەت قىلدى گۈللەر ،
ئەسلى سېنىڭ كېلىشىڭ يالغان .

ئۆۋۈلغانچە قالمايدۇ تاشلار ،
سۈۋۈپ قالار ئاھۇ كۆكسى قان .
قېنى بىزگە ساقلىغان يوللار ،
ئەسلى سېنىڭ كېلىشىڭ يالغان .

ئىگىزلەيدۇ بارغانچە تاملار ،
سېغىنىشلار يىراقتا قالغان .
يالغۇزغىنە قويۇپ گۇگۇمنى،
ئەسلى سېنىڭ كېلىشىڭ يالغان.

باغلار تىمتاس، تىرەكلەر غەمكىن ،
ئولتۇرماقتا تاملار خىيالچان .
پەسىللەرنى تەلمۈرتۈپ قويۇپ ،
ئەسلى سېنىڭ كېلىشىڭ يالغان .

ئايلانماقتا تاشقا ئورۇندۇق ،
پەسلىمەكتە خۇرسىنىپ ئاسمان .
قاخشال بولۇپ قۇرۇغىنىم راست،
ئەمما سېنىڭ كېلىشىڭ يالغان.

2016.2.8 چىرا

* * * * * * * *

## 78. كېچە

## كېچىنىڭ نۆل نوقتىسىدا

ئۈنسىز ۋە كەسكىن قارشىلىقتىن كېيىن
كېچىنىڭ تاتارغان لەۋلىرى ئارىسىدا
يىراقلىشىۋاتقان قەدەم ئاۋازى قالدۇرغان
ئەكىس سادانىڭ بىر پارچىسىلا قېپ قالار پەقەت .

ئەسلىرى قالايمىقان قىلىۋېتىلگەن ئۇ كۈن
ھېچنەرسىگە باھانە بولالمايدىغان قورغاق يامغۇر
مېنىڭ ئۈستىۋېشىمغا قونۇۋېمۇ قويمايدىغان
يىراق يەردىكى قار توغرىسىدا
ئاچچىق ياكى تاتلىق خىيال قىلسام قىلمەنكى
كۆپ قىسىملىق كىنونىڭ ئىسىمدە قالمىغان مەلۇم قىسمىدەك

باغچىدىكى تاشلىنىپ قالغان ئورۇندۇقتەك
سۇيى لەشلىشىپ ئۇنتۇلغان بىچارە كۆلدەك
غۇۋا بىر سايىنىڭ خاتىرەم بەتلىرىدىن
ئاستا ـ ئاستا قايتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلاشنى خالىمىدىم.

ئۇ بەلكىم بىر ھېكايە بولۇشى مۇمكىن
باش ـ ئاخىرى چىقىرۋېتىلگەن
بولۇت بولۇشى مۇمكىن شامالغا ئەگىشىپ يۈرگەن
ھەتتا ئۆزەم بولۇشۇمۇ ئېھتىمالغا يېقىن
ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى
بۈگۈن كېچىنىڭ نۆل نوقتىسىدا
مېنىڭ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىم
ئۇ ئادەمنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى مەن ئۈچۈن ئەسلا .

2016.2.10 چىرا

* * * * * * * *

79. كېچە

## كونىراۋاتقان ئادەم

كىتابلار سارغايغان بەتلىرى بىلەن ئۇنى ئوقۇۋدى
تاملار سۈكۈتى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇردى

پىچاق بىسى بىلەن ئۇنى ئۇپراتتى
ئۇ بىزگە بىلىندۇرمەي كونىراۋاتاتتى .

نۇرغۇن كۈندۈزلەر ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدا
نۇرغۇن تۈنلەر ئۆچكەن كۆز نۇرلىرىدا
نۇرغۇن پەسىللەر غۇۋالىشىپ قالغان ئىسىدە
نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلار گۆشى سىزىپ قالمايۋاتقان قوللىرىدا
نۇرغۇن يوللار يىگىلەپ كىتىۋاتقان پۇتلىرىدا
ئۇنى ھېچبىر داغدۇغىسىز كونىرتىۋاتاتتى.

قاپاق تېرەكتىكى نەچچە يىللىق قاغا ئۇۋىسى
غولى پورلىشىپ كەتكەن قېرى ئالما دەرىخى
ئېتىلىپ كەتكەن تاپانلىرىنى سېغىنغان كونا دۈمبە
ئاپتاپتا تۇرۇپ چىرىپ كەتكەن چىگە ئارغامچىدەك
ئۇنى ۋاقىت ھارۋىسىدىن چۈشۈرۋالماقچى بولاتتىيۇ
نەدە بولسۇن شۇنچىلىك ئىمكان
قەبرىلەر كونىردى.

قوياشمۇ ھەم
قەبرىلەر يىڭىلانماقتا
تاڭلارمۇ ھەم
ئەمما مۇزدەك پۇتلىرى بىلەن
سىلجىغاچ ئۆلۈم تەرەپكە
بەكمۇ كونىراپ كەتتىم دەيدۇ
ئۆزىنى شورى قىزىمايدىغان تۇنۇرغا

يامىسىمۇ تۇرمايدىغان كالاچقا
مىسكەرمۇ ئامالسىز قالغان مىس چۆگۈنگە ئوخشىتىپ
ھاياتنى توقسان يىل ياشاپ كونىراتقان بىر ئادەم .

2016.2.10 چىرا

* * * * * * * *

## 80. كېچە

## كېچىنىڭ ئىسمى چۇقۇم قارا رەڭلىك

كېچىنىڭ ئىسمى چۇقۇم قارا رەڭلىك
مەن بىلمەيدىغان نەچچە ھەرىپتىن تۈزۈلگەن .
بارماقلىرىدا ۋەسۋەسىنىڭ ھىدى بار
مەركىزىگە نۇرغۇن چۈشلەر دۆۋىلەنگەن.

بىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا گۈلخان ياقتۇق
ۋە قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىزلارنى قالدۇردۇق
رايىشلارچە ياشاش ئادىتىمىز بىلەن
ئۇنىڭ ئەگرى سىزىقلىرى ئارا ياشاۋەردۇق .

كېچە مەن ياكى بىز ئۈچۈن توغۇلىدۇ
شاخلىرىدا بەرق ئۇرۇدۇ ئازدۇرغۇچ گۈللەر .

بىز ئۇنى ھېچنىمە دەپ ئاتىمايمىز
بىر خىل قېلىپتىن چىقىۋېرىدۇ كۈنلەر .

كېچىنىڭ ئىسمىنى كىم قويدى كىم ئۈچۈن
ئۇ پەقەت قارا ياپراقلارنىڭ سۆز ئويۇنى .
بىز ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرغاچ ئۆلۈمنى كۈتمەكتىمىز
پەرۋىش قىلغاچ ھايات ئاتلىق بىر گۈلنى.

نۇرغۇن ئىسىملار مېنىڭ كۆرۈش دائىرەمدىن ئۆركۈيدۇ
ۋە ئاستا ـ ئاستا ئايلىنىدۇ بىر تال چېكىتكە.
تىركىشمەن پەسىلسىز سۆيگۈلەر ئۈچۈن
ئىسمىمنى باغلاپ ئالته قارا ھەرپكە .

2016.2.11 چىرا

* * * * * * * *

81. كېچە

## ئۆتمەس پەقەت ئۆلۈمنىڭ ۋاختى

ۋاختى ئۆتكەن نەرسىلەرنى ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلاش
ئاددى ھەم مۇرەككەپ جەريان .
بەزى نەرسىلەرگە قىيمايسەن

ئاۋايلاپ سالغۇڭ كېلىدۇ ئەخلەت ئارىسىغا
پەرۋاسىز تاشلايسەن يەنە بەزىللىرىنى
ئۆزۈڭمۇ بىلمەيدىغان بىر ھىسياتتا
سىنى ئوراپ تۇرغان بوشلۇقنىڭ ۋاختى ئۆتكەنىمىدۇ
ئۇ تالاي يىللار بولدى سەن بىلەن بىرگە تۇرغىلى.

سەن باشقىلاردىن يۇشۇرۇن قىلىۋاتقان خىيالىنىڭچۇ
ئۇنىمۇ قېرىتىپ بولدۇڭ قىناۋىرىپ .
تامدىكى سۇ بوياق رەسىمدەك يىراقتا تۇرغان
ئىگەللىۋالغىلى بولمايدىغان بىرىنىڭچۇ
ئۇنىڭغا بىكىتىلگەن ۋاقىت پەرىق ئەتكۈسىز
ۋاقتىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ
سەن ئىچىدە جازا ئىجرا قىلىۋاتقان تۆت تامچۇ
سەن پات - پات ئۇلىغا قارايسەندە
ئەمەسلا بىر خىيال سىنى سىلكىيدۇ.

سەن بەزى دورىلارغا دائىم مۇھتاج بولىسەن
بىراق تىزلا ۋاختى ئۆتۈپ كېتىدۇ
ياشاش ئەسلى مۇشۇنداق جەريان
سەن تەمىنى تەگشەپ بولالماي ئۆزەڭنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدىغان .

مېڭەمگە نۇرغۇن نەرسىلەر قاچىلانغان
ئىلگىرى كىيىن بولۇپ
بەزىللىرىنىڭ ياپرىقى يوق يىلتىزى باغجانلاپ كەتكەن.
بەزىللىرىنىڭ يىلتىزى يوق ئۆسۈپ كەتكەن .

تاشلاي دېسەڭ قىيىندۇر تاشلاش
ۋاقتى ئۆتكەن نۇرغۇن نەرسىنى
نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنىڭ ۋاختى ئۆتكەن
نۇرغۇن ئادەملەرنىڭمۇ ھەم
نۇرغۇن ئىشلار ساقلايدۇ سىنى
ئۆتمەس دېدى سۆيگۈنىڭ ۋاقتى
يىگى پېتى ساقلىنىپ ھەرچاغ
ئۆتمەس پەقەت ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى.

2016.2.11 چىرا

* * * * * * * *

## 82. كېچە

## ياشىدىڭىز خىيالىمدا

سىزنى كەلمەس دېدىم تىرىك يۈتتى مېنى قارا ھىجران ،
كېلەر دېدى پەسلەپ سىزنىڭ يولىڭىزغا قوندى ئاسمان.
سىز بولدىڭىز كۆز يىراقىم، جانغا زەۋقۇم ئول پىراقىم ،
نە پىراقكى مىڭ يىللىق مۇز كۆيۈپ تۇرغان چوڭقۇر زىندان .

يۇلتۇزلارنىڭ ئىتىكىدە سىزگە باھار چىللاپ كەلدىم ،
شور دەريادىن ئۆتتى كاككۇك ئوقۇغىلى كۆندە داستان.

بىز ئۇچراشقان چىڭقى چۈشىنىڭ كۆيۈپ تۇرغان شولىسىدا ،
شۇندىن بىرى سىزنى ئىشىق دۆلىتىگە قىلدىم سۇلتان .

رىئاللىقنىڭ ئىگىز تېمى قىلماس بىزگە دىدار نىسىپ ،
چىدىمىدى پەلەك زىمىن ئاقسا سەلدەك نالە ـ پىغان .
ياشىدىڭىز خىيالىمدا، چەكسىز ھالرەڭ بوشلۇقۇمدا ،
تاڭغا يەتمەس تۈنلىرىمگە يېقىپ قوياش بىلەن گۈلخان .

2016.2.11 چىرا

* * * * * * * *

83. كېچە

## تىڭشا بىر نەپەس

باھار پەسلىدىن ئىڭىشىپ ئۆتكۈنىڭدە
چىچەك يامغۇرىنى تىڭشا بىر نەپەس .
سېغىنىش قايناملىرىغا چوڭقۇر چۆككىنىڭدە
مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتكىن بىر نەپەس .

تۈنىنىڭ لېۋىگە يىنىك ئۆپكىنىڭدە ،
يۈرەك تېۋىشىڭدەك توختا بىر نەپەس .
قىزىل گۈل تۈۋىگە ئاستا مۆككىنىڭدە

مېنى شۇ گۈللەر دەپ ئويلا بىر نەپەس .

كاككۇك مېنى ساڭا سۆزلەۋاتقاندا ،
كۆيگەن تال شېخىغا قونغىن بىر نەپەس .
مەن سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىۋاتقاندا،
سەن ماڭا لىققىدە تولغىن بىر نەپەس .

مەن كۆيگەن كۈنلۈ - تۈن قوقاسلىرىڭدا ،
سەن بەرداش بەرگەنچە كۆيگىن بىر نەپەس.
مەن سېنى ئازابىم بىلەن سۆيگەندە ،
سەنمۇ چىن لەۋزىڭدىن سۆيگىن بىر نەپەس.

بوقۇلداپ سايرىدى  پىششايۇنىڭدا ،
سەن ئۇنى قەلبىڭدە تىڭشا بىر نەپەس .
يۇلقۇنۇپ چىقايلى بارچە پەسلدىن ،
ئۆزۈڭنى بەھرىمگە تاشلا بىر نەپەس .

2016.2.11 چىرا

* * * * * * * *

## 84. كېچە

## بىز ئۇ يەردىن كەلدۇق

بىز ئۇ يەردىن كەلدۇق
يۇشۇرۇن ھەسرەتلىرىمىز شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان
كۆڭلىمىزنىڭ پارچىللىرىنى قۇشلار تېرىپ يەيدىغان
سۆزلەر دېيىلمەسلىككە مەھكۇم
گۈللەر ئېچىلماسلىققا مەھكۇم
قۇشلار سۆزلىمەسلىككە مەھكۇم بولغان يەردىن .

يول بويىغا قويۇلغان سەدىقىلەر ئاچ پېتى قالدى
شاخلار داۋاملىق قۇرۇماقتا
تاش بوران داۋاملاشماقتا
نۇرغۇن ئىشىكلەر ئۆزىنى دالدىغا ئالماقتا
ئاي يۈزىدىكى داغ چوڭايماقتا
تاشلار - تاش پېتى قاتتىقلىقىدا
ياشلار -  ياش پېتى تۈزلۈقلىقىدا
بىز ئۈلۈك تەنلەردە ياشاپ كەلدۇق
بىز قۇرۇق روھلاردا ياشاپ كەلدۇق
ئاندىن ئۆزىمىزنى كىپەنلىدۇق قارىيىپ كەتكەن ئارمانلاردا.

بارماقلار ئىسسىدىگەن پېتى چىرىمەكتە
كۈندۈزلەر ئۆزىنى ئاستى

قۇملار كۆچۈپ تاغلار يىغلىدى
دەريالار ئۆزىنى ئاتىدى نەزىرگە
ئاندىن ھەممە بىزگە قاراشتى
بىز ئەشۇ يەردىن كەلدۇق.

قاقاسلىق ئاسمىنى بار
سۆيگۈ تېرىسا ئۈنمەيدىغان
كۆڭۈل ئەسلا كۆنمەيدىغان
شۇنچىلىك كەڭرى
ئىككىمىزگە تار.

2016.2.14 ئۈرۈمچى

* * * * * * * *

## 85. كېچە

## بىز ناتونۇشلارمىز

سەن كۆرگىن ياكى كۆرمە
مەن قۇياشنىڭ تىك نۇرى ئاستىدىن ئۆتتۈم
سەن بىلگىن ياكى بىلمە
يىراقلاردىن كېلىۋاتقان ئۆزەمنى كۈتتۈم .

مەن بىر كەپتەر ئىدىم
قاناتلىرىمغا چىچەك چىقىپ قالغان
مەن بىر تاش ئۈستەل ئىدىم
يۈزۈمدە نۇرغۇن ئىزلار جىلمايغان .

سېنىڭ خالا خالىماي چېچىپ -
قويغان دانلىرىڭنى ئەمەس
كۆكنى سېغىنىپ ئۇچتۇم .
سېنىڭ ئۆچۈپ كەتكەن ئىزىڭغا ئەمەس
شامالللارغا يۈز تۇتتۇم.

ماشىنىلارنىڭ ئۆزۈلمەيدىغان سىگنال ئاۋازى
چۈشلىرىڭنى ئەزەلدىن بوزۇپ باقمىغان .
مېنىڭ تارام - تارام خىيالللىرىم
سېنىڭ ئېرىقىڭدا ئېقىپ باقمىغان.
مەن ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەندە
سەن سايەڭگە قاراپ زوقلىنىۋاتقان بولىسەن
سەن مەۋجۇت بول ياكى بولما
يوقلۇق ئىچىگە لىققىدە تولىسەن.

بىز ناتۇنۇشلارمىز داۋاملىق
ئەتە بولسۇن ياكى بولمىسۇن .
مەن ئىككىنچى بىر پەسىلگە ئۆتىۋېرىمەن.
هايات مېنى مەيلى سۆيمىسۇن .

2016.2.15 ھېچقەيەر

* * * * * * * *

## 86. كېچە

## كېچىنىڭ پايانىدىن ئۆتتۈم

كېچىنىڭ پايانىدا نىمە قالدى ،
پەرۋاسىز ئۇزاپ كەتكەن يولدىن بۆلەك .
ئېتىمنى چاپتۇرغانچە ئۆتۈپ كەتتىم،
كىمىم بار مەن كەينىمگە قايرىلغۇدەك .

ئاققىنى دەريامىدۇ قۇرۇق پېتى ،
سۇنغىنى ئاسمانمىدۇ بولۇپ چۇل - چۇل.
يالغۇزلۇق ئۆزەم قۇرغان شەھەر ئەسلى،
كەل كېچە باشلاپ باراي سېنى ئۇدول .

بەشىنچى پەسىل كىردى قاپقاراڭغۇ ،
مەن يەنە لېۋىم چىشلەپ بىرەي چىداش.
مەس بولۇت ئېيتىپ بەرسە ئەلەم دادەي ،
توختاپ تۇر سەن ئەمەس مەن يېرىلاي تاش .

كۆكسۈمدە بىر يارا بار ئايدەك يۇرۇق ،

مەن ئۇنى قارايسۇن دەپ ئۇزاق كۈتتۈم .
مۇھەببەت توختاپ قالدى يېرىم يولدا،
كېچىنىڭ پايانىدىن يالغۇز ئۆتتۈم.

2016.2.17

* * * * * * * *

## 87. كېچە

### ھېكايە

ئاسماننىڭ مەن تەرەپكە چۈشكەن يۈزىدە
تېپتىنىچ ئويغانغىنى سىدام بىر ھېكايە .
بىردىنلا ياندىن كۆزەتكۈچىگە ئايلىنىپ قېلىش
ھېچقاچە ئىش ئەمەس قۇياشسىز ئەتتىگەندە.

سوغۇق دېرىزىلەردىن قاراۋاتقىنى
ئىرىمەيدىغان قار كەبى چۈشلەر .
سېنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكىنى
سەن تۇنۇش دەپ ئويلىغان كىشلەر.

مەيلى سەن قانچىلىك كىچىككىن ياكى بالدۇر كەل
سېنى قارشى ئېلىۋاتقىنى جىمجىتلىقنىڭ رەڭلىنىشى ۋە -

تورزۇۋاتقان نۇر چىچەكلىرى
سېنى نىمگىدۇ قىلار دالالەت
ئىمكانسىز سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئىستىكى.

ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆزىدە بار بولىدۇ چۈقۇم
بىر ياكى بىر نەچچە پەسلسىز ھېكايە.
ئايرىلىش قۇچاقلايدۇ بىزنى قىزغىن
بىز ئويلىمىغان دوقمۇشقا كەلگەندە.

ھېكايىلەرنىڭ تۈگەش ۋە ئاياغلىششى ۋاقتى
مەس كېچىلەردەك سەندىن سورىمايدۇ ئىمكان.
كىمدۇر بىرى پەيدا بولىدۇيۇ غايىپ يەنە
چىكىتتەك ئەڭ ئاخىرىدا ئېشىپ قالغان.

بىز نۇرغۇن ھېكايىلەرنىڭ ئىچىدىكى ھېكايىبىز
نە تۈگۈن نە نەتىجە بار پەقەتلا جەريان .
خۇرسىنىشلار بەدىلىگە ئىرىشكىنىمىز
نازۇك كۆڭۈللەر تىگىدە قېپقالغان قىيان .

2016.2.15

* * * * * * * *

## 80. كېچە

# لېۋىڭدە بىر رىۋايەت پىنھان بولدى

ھەسرەتلەر مەن ئۈچۈن سارغايدى سامان بولدى ،
ياپراقلار مەن ئۈچۈن تۆكۈلدى خازان بولدى.
قىپقىزىل لاللەرنى كۆردۈڭمۇ يازدا ،
سۈلدى، سەن ئېيتمىغان سۆز ئارمان بولدى.

ئۈمىدلەر نە باھانىدە ياشىرار دەيسەن ،
قىرلاردا كۆكلىگىنى غۇچچىدە پىغان بولدى.
بولۇتلار سېنىڭ سۈكۈتۈڭنى بويلىماقتا
مەن ئۈچۈن يىغلاۋاتقىنى ئاسمان بولدى.

دەرەخلەر قالدى كۆڭۈلدەك قاخشال پېتى،
ئەلەملەر كۆكلەپ ـ كۆكلەپ ئورمان بولدى.
ھەسرىتا مەندىن ئايىغان شۇ سۆزلەرنى ،
شاماللار چېچىپ ـ چېچىپ داستان بولدى.

ئېيتمىدىڭ مەن كۆزۈڭدە ئۆلۈپ قالدىم ،
سۆزۈم باردېگەنلىرىڭ يالغان بولدى .
مەن توزۇپ كەتتىم قاراڭغۇ گۈللىرىدەك ،
لېۋىڭدە بىر رىۋايەت پىنھان بولدى.

2016.2.15

* * * * * * * *

**89. كېچە**

## كەتمەكتىمەن

يۇشۇرۇن قاراشلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ
مۇزدەك ئۈيۈۋاتقان ۋاقىت پەلەمپەيلىرىگە ئېسىلىپ
تۈزدەك ئېغىرلىقىم بىلەن
تېرىقتەك چېچىلىش ئۈچۈن
سۆگەتگۈلىدەك ئېچىلىش ئۈچۈن
سىزىمنى يوقاتقان بارماقلارنى كەينىمدە قالدۇرۇپ
كەتمەكتىمەن بوشلۇقۇڭدىن
ئۆزۈمنى گۈل بەرگىدەك ئۈزۈپ تۇرۇپ
ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتتەك توزۇپ تۇرۇپ.

ھېچنىمە دېيىشمىدۇق
ھېچنىمە قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئارىمىزدا
كېلىشلەر پەرىشان بولغىنىدەك
كېتىشلەر ھەم سەرسان
بىز بەرپا قىلغان خارابىلىكتە
نىمە ئىشلار بولغانلىقى كىمگە ئايان؟!

ئىككى كېپىنەك كىرمەكتە قەبرىگە
ئىگىزلەۋاتقان تام ئارىسىدا
ئىككى دەريا ئاقماقتا كەينىگە
بىر ئۈچۈم تۇز تۇرار كۆلۈمسىرەپ
ۋاقىتنىڭ ئېچىلىپ تۇرغان يارىسىدا.

كېتىشنىڭ ئىسسىق بارماقلىرى
مېنى ئىتتىرمەكتە لەرزان
سەن دەردىڭنى تۆككەن دەرەخلەر
ئۇزاتماقتا مېنى پەرىشان .
كەتمەكتىمەن ئۆزۈمدىن يىراق
سەن سۆكۈتتە ئۇزاقتىن ئۇزاق.

2016.2.16

* * * * * * * *

**90. كېچە**

## قاراڭغۇ كېپىنەكلەر

قاراڭغۇ قاناتلىق كېپىنەكلەر
قايتماقتا سېنىڭ مەلەڭدىن مېنىڭ يۈرۈكۈمگە
تىنىقلىرىڭنى چىرايلىق گۈل بەرگىللىرىگە ئورايدۇ

قاراشلىرىڭنى يۇشۇرىدۇ ئالقانلىرى ئارىسىغا
ئىسمىمنى چاقىرىشلىرىڭنى تىزىدۇ تەكچىلەرگە
ئاندىن ئىككىمىزنى باشلايدۇ سۆيگۈنىڭ قايناملىرىغا .

كېپىنەكلەر مەست قايتىدۇ بىزدىن
قاراڭغۇ مەست تارايدۇ بىزدىن
يۇلتۇزلار مەس تارقىلىدۇ ئالقىنىمىزدىن
سۆزلەر مەست تۆكۈلىدۇ لەۋلىرىمىزدىن
مەن گۈل بولۇپ ئېچىلىمەن
سەن نۇر بولۇپ چېچىلىسەن
هال رەڭلىك كېپىنەك بولۇپ
ئاندىن تارقىلىمىز هاۋاغا.

ئاخشاملارنىڭ  قات - قېتىدا بىز بار
گۈگۈمنىڭ يالغۇز شېخىدا ھەم
يۇلتۇزلارنىڭ ئېتىكىدە بىز بار
يۇلغۇنلارنىڭ چېچىكىدە ھەم
توغراقلارنىڭ كاۋىكىدا بىز بار
ئەڭ قىزغىن سۆيۈشۈشنىڭ ئىستىكىدە ھەم .

2016.2.17 چىرا

* * * * * * * *

## 91. كېچە

### چۇقۇم پىچىرلىشىمىز

مەن بېغىڭغا شىرىلداپ ئېقىپ كىرگىنىمدە
سەن تۇيۇقسىز ئۈنۈپ قالسەن ئېرىق بويىدا
مەن بىر دەستە ئازاپگۈلدەك چىلانغىنىمدا گۈلدانغا
سەن ئايلىنىسەن قوياش نۇرىغا.

مەن كۈكۈش پەردىلەردىن شوڭغۇغىنىمدا
سەن ئەمدىلا كۆزلىرىڭنى ئاچقان بولىسەن
رەيھاننىڭ خۇش ھىدىغا ئايلانغىنىمدا
كۈلۈمسىرگەنچە بىر ماڭىلا تولىسەن .

نىپىز شايى بولۇتلارغا ئايلىنىمەن
سەن ھەرۋاقىت پەسلەيدىغان ئاسمان
مەيىن يەلپۈنىدىغان سۈكۈتلەرگە ئوخشايمەن
كەلمەكتىمەن ھاياتىڭدا ياشاپ پىنھان .

يامغۇردەك ياغىمىز
كىرپىكلەردە قاردەك ئېرىيمىز
شامالاردەك ئۇچىمىز
ئوتتەك كۆيىمىز
شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇ قىيانلاپ

بىز چۈقۇم ئەڭ ئەسەبىي ئىستەكلەرنىڭ تەپتىدە
ئۈزۈندىن ئۈزۈن پىچىرلىشىمىز.

2016.2.17 چىرا

* * * * * * * *

92. كېچە

## كۆيگەن باھار

كۆيگەن باھار
ئۇخلايدۇ يۇمشاق بىر تال جېنىمدا.
ئاقمەن ھەسرىتىمنى بويلاپ
تېخىچە ئاتمىغان يالغۇز تېڭىمدا .
گۈللەرنىڭ ئاۋازى
ياغدۇرماقتا پىراقنى سىم ـ سىم .
لەرزانغىنە تاشلانغان چاچنى
پۇرىسىمدى ھۇزۇردا ھېچكىم .

شاخلاردىكى تەنھالىق
بېخلانماقتا جاراھىتىمدەك .
كەل ناتىۋان كاككۇكۇم
بىز كۆيەيلى تىمتاس

بەختىم كەبى شورلۇق باھاردەك .

2016.2.20

* * * * * * * *

93. كېچە

## بىزنىڭ تەۋەلىكىمىز

بىز نە ئايرىلىشقا تەۋە نە قوشۇلۇشقا
ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى چېچەكلىگەن پېتى
تۇرىمىز بىر تال شاختا ئېسىلىپ.
باراقسانلاۋاتقان كۆز ۋە
پەرىشان ياز ئارىسىدا
بىز ياسىغان كەپە تۇرار يېلىنجاپ .

بىز نە كېلىشكە تەۋە نە كېتىشكە
ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يولغا چىققان ئىدۇق
بۇ ھاياتنى توغرا كېسىپ ئۆتۈشكە
يەم بولۇپ گاھ ئېرىشىش گاھ كېچىشكە.

بىز نە مۇھەببەتكە تەۋە نە نەپرەتكە
ئۈستىمىزدە يىلان قاسىرىقى

قايدا قالدى ئەنجۈر ياپرىقى
يۈرمەكتىمىز قارا گۇگۇم ئاستىدا .

2016.2.20

* * * * * * * *

94. كېچە

## ئىككىمىزلا قالدۇق

نەچچە قېتىم چاقماق چۈشۈپ ئوت كەتكەن
كۆيۈك قالدۇقلىرى ئارىسىدىكى خارابىلىكتە
تويى بولغان قىزدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئاسمان ئاستىدا
مۇڭلىرى قۇرتلاپ كەتكەن دەرەخنىڭ دالدىسىدا
يامغۇرنى هامان ياغىدۇ دېگەن يەكۈن بىلەن
قالدۇق تېپىنچ ئىككىمىزلا.

دېرىزىلەر تېخىچە قىيا پېتى
مەڭگەۋاتقان بوسۇغا چۈشكۈرمەكتە
هېكايىلەرنىڭ يېرىك ۋە نەمخۇش تىلى
بىزگە تەسەللى بەرمەكتە

يۇلتۇزلارنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ

چىرايلىق ئازاب كەبى كېچىنىڭ لېۋىدە ئۈيۈپ تۇرۇپ
ئوتتۇرىمىزدىكى دەرىيادەك قۇرۇپ تۇرۇپ
ھېچنىمە دېيەلمەستىن ئۆزىمىز توغرىسىدا
ئىككىمىزلا قالدۇق ئىككىمىزلا.

قورغاق ئاسمان ئىگىزلىمەكتە
چۆچەكلەر بىزگە قاراپ ئىچكىرلىمەكتە
تۈگىمەيۋاتقان خەتلەر ۋە
دېيىلمەيۋاتقان سۆزلەر ئىچىدە
ۋاراقلىغاچ ئەسلەرنى
ئوتقا تاشلىغاچ كونا بەتلەرنى
ئارىمىزدىن بىر تۈپ قىزىل گۈل ئۈنمەكتە

ئۇنىڭ ئېچىشلىشىنى ساقلاپ
پىچىرلاشقاچ گۈلنىڭ تۈۋىدە
قالدۇق پەقەت بىز ئىككىمىزلا
بىرى مەن ئىدىم يەنە بىرىمۇ مەن .

2016.2.24 چىرا

* * * * * * * *

## 95. كېچە

### سەن كەبى

يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كېچىلەردىن
پەرقلەندۈرىمەن سېنىڭلا ئاياغ تىۋىشىڭنى.
ئېچىلىدىغان بارلىق نەرسىلەر ئىچىدىن
كۈتىمەن سېنىڭلا ئېچىلىشىڭنى.

خىياللىرىم بىلەن بىللە ياشايسەن
يۈشۈرۈن بىر ئىستەكنىڭ سايىسى ئاستىدا
كۆز ياشلىرىم بىلەن بىللە تامچىلايسەن
ئولتۇرۇپ كۈندۈزنىڭ قارمۇ ـ قارشىسىدا.
كىرپىكىم بىلەن بىللە چۈشىسەن
سېغىنىش ئۇندا تۇرار يالتىراپ .
ئۇيقۇم سېنىڭ پەپىلەشلىرىڭ ئىچىدە
كېتەر كېچىنىڭ باغرىغا تاراپ .

مېنى سۆيۈۋاتقان نۇرلار ئىچىدە سەن بار
ئېلىۋاتقان نەپەسلىرىمدە ھەم .
كۆزنى باشلىغان بولساڭ باغلىرىم ئىچرە ،
تۆكۈلىمەن خازان بىلەن تەڭ.

مېنى ئەسىرگە ئالغان سۇلتانىسەن ئۆزۈڭ
ئېلىپ كېتىدىغان يوللىرىم يەنە .

ھايات قول بېرىدۇ ئۆلۈمگە سەنسىز،
ئۆلۈم سەن بولغاچقىلا تاپىدۇ مەنە.

سەن كەبى سۆيۈش بۇ پايانى بولماس ،
سەن كەبى ياشام بۇ ھەسرەتلەرگە لىق .
مەن كەبى كۆيۈش بۇ تەڭدىشى قېنى
بىز كەبى ئازاپ بار شىرىن، چىرايلىق .

2016.2.25

* * * * * * * *

**96. كېچە**

## نە ھالدىمەن ئەي كۈتۈلگۈچى

كونا تامنىڭ ئىچىدىكى پاتمىچۇق قۇيرۇقىدەك
ھېچكىم قولىقىنىڭ كەينىگە چاپلاپ باقمىغان تام پوتلىسىدەك
ھەممىنى تۆكۈپ بولۇپمۇ بوشىمىغان بولۇتتەك
سۈكۈت ئىچىگە تۇزانغا ئايلىنىۋاتقان بارلىقتەك
يىغلاپ ـ يىغلاپ غۇنچىلاۋاتقان ئەتىرگۈلدەك
مانا بۇ مېنىڭ سېنى ساقلىغاندىكى ھالىتىم.

بۇ يېتەرلىك بولمايدۇ ساڭا ئەي كۈتۈلگۈچى

ئايدەك تولىمەن، يېرىملايمەن، ئىنچىكىلەيمەن
دەريادەك شاقىرايمەن تاشىمەن، قۇرۇيمەن
تاغلاردەك ئىگىزلەيمەن، قارايمەن، پەسلەيمەن
تاشلاردەك ئىرىيمەن، قاتىمەن، ئۇۋۇلىمەن
دەرەخلەرنىڭ قايغۇسىدەك ئۇلغىيىمەن كۆكلەيمەن
مەن مانا مۇشۇ هالدا ئەي كۈتۈلگۈچى.

سۆيۈنىمەن تاپىنىمدىكى تىكەنلەردىن
قانغۇچە ئىچىمەن سۈپسۈزۈك تەشنالىقتىن
تېپتىنىچ ئۆتىمەن بارلىق قاراڭغۇ ئۆيلەردىن
يىراقلارغا ئۇزۇدۇم يېتىم كۆز بولاقلاردىن
شەبنەمدەك تامدىم قاپقارا قاناتلاردىن
بىر بىرلەپ ئۈندۈم زەيكەش تۇپراقلاردىن
سېغىنىشنى تېرىپ چىقتىم رايىش هەرپلەردىن
سەن بىلەن بىللە قايتىشقا مۆهلەت سورىدىم
ئېغىر تىنىپ ياتقان قەبرىلەردىن
هىس قىلدىڭمۇ هىس قىلالامسەن
مەن مۇشۇ هالدىمەن ئەي كۈتۈلگۈچى.

2016.2.25 چىرا

* * * * * * * *

## 97. كېچە

### شەبنەم گۈلى

كېچىنىڭ كىيىنكى يېرىمى
سۇسىز دەريا بويىدا ئۇنىلمەكتە پەرىشان
ئېچىلىشنى ساقلاۋېتىپ بىر گۇلنىڭ
تاشقاتمىغا ئايلاندى سانسىز ئورمان .

قۇملاردەك چېچىلغان تېنىمنى يىغدىم
گۇلگە سۇ كىرەك دېدى ئەمدى نە ئىمكان .
يېشمغا ئىنتىلدىم ئۇ تۇزلۇق ئىدى ،
قېنىمغا قارىدىم تاشتەك ئۇيۇغان .
بۇ ۋاقىت دېڭىزغا بەك يىراق ،
سۇ يىراقتا كۆتۈرەر غەليان .

بەرداشلىق ئەڭ يۇقىرى چەكتە بۇ يەردە،
بىر تۈپ گۇل مەن ۋە سەن كەبى ئۇسسىغان.
كېچىلەرگە قارىدىم مەيۇس،
لەۋلىرى يېرىلغان، كۆكسى تىلىنغان .
ئانارەدەك يېرىلدىم ھەريان چېچىلدىم ،
بولۇتقا قارىدىم يۇم - يۇم يىغلىغان .

مەن چىقتىم تېنىمدىن گۇلگە ئايلاندىم

سەھەردىن بىر تېمىم شەبنەم سورىغان .
ئېچىلدىم ھەر كېچە كۈندۈزدە غايىپ ،
قالغىنى ھىدىم ۋە چىرايلىق پىغان .

2016.2.26

* * * * * * * *

## 98. كېچە

## قارغالغۇچى ئايال

ئايال ـ ئايال دېيىشتى كېچە يېرىقلىرى
ئايال ـ ئايال دېيىشتى كونا جىنلىق قۇدۇق
شورى قۇرغۇر ئايال دېيىشتى ئەسكى تاملار
بەختى قارا ئايال دېدى قۇرۇپ كەتكەن كۆللەر
ئاشىقلىقتىن ئۆلۈم تاپۇر دېيىشتى زۇلمەت چاچراندىللىرى
كۆيدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئازاپ سوۋغا قىلىنسۇن دېدى باخشىلار

سۆيۈشنى بىلىدۇ نىمشقا دېيىشتى قاراڭغۇ كۈنلەر
ئۇ دارغا ئېسىلىشى كېرەك دەيدۇ سۆيەلمىگەن بىرسى
بارلىق جېنىمنى قايتۇرۇش كېرەك دېيىشتى قاخشال روھلار
ئۇلار ھەممىنى دېيىشتى
ئايال ھەممە دېيىشتى

شەيتان،ئوت، قاراڭغۇ ئۆڭكۈر، باياۋان
ئېزىتقۇ، ئانار، گۈل، ياز، باهار،
ئۇلار ئاياللارغا ئامراق ئىدى
ئۇلار ئاياللارنىڭ بىر پارچىسى ئىدى
ئۇلار ئاياللارنىڭ بىر تامچىسى ئىدى
ئۇلار ئاياللارنىڭ دۈشمنى ئىدى
ئۇلار ئاياللارنىڭ كۈشەندىسى ئىدى
يەنە ......
يەنە ......
ئىدى.

ئاياللار ئەسەبىيلەرچە سۆيۈلەتتى
جان جەهلى بىلەن قوغدىلاتتى
شەهەرلەرگە دۆلەتلەرگە، تەختلەرگە تىگىشلەتتى
كۆككە كۆتۈرلەتتى
غالجىرلىق ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتەتتى
ئاياللار قۇمۇشلۇقلاردا قېچىپ يۈرەتتى
ئاياللار ئۆڭكۈرلەردە بالا تۇغاتتى
ئاياللار دارغا ئېسىلاتتى
ياسىداق ھەرەمخانىلەرگە قاملاتتى
كېسىلگەن بوينىغا ئۇزۇن چاچلار يامىشاتتى
زىندانلاردا چىرىيتتى
ئوغىلارغا يەم بولاتتى
لەشكەرلەرگە سوغا قىلىناتتى
مىڭ يەردىن ئۆلتۈرلەتتى

مىلىڭ تىكەن سانجىلاتتى
ئاياللار يەنە ھەممىگە ئايلىناتتى
بەندى قىلىناتتى بىر سۆزگە
ھاۋا ئايال ئىدى قوغلاشقان
ھاۋا ئايال ئىدى قوغلانغان
ھاۋا ئايال ئىدى ......

2016.2.26 چىرا

* * * * * * * *

99. كېچە

## 99. كېچىگە يېزىلىش

يازايلى دىدۇق ئېسەدىگەن كېچىلەرنى
قان قالمىدى بارماقلارنىڭ ئۇچىدا
تۆكۈلەيلى دېدۇق خازانلاردەك پەرىشان
نە ئىمكان بولسۇن تۇتۇۋېلىشقا
قاخشال بولغان شاخلاردا .

ھېكايىلەر تۈگىدى
مىڭ بىر كېچىنى ھەسرەتتە قويۇپ
بىز پۈتكۈزدۇق مىڭ ئىككىنچىسىنى

ئۈنىڭدا نە ئاشىق بولغاي نە مەشۇق
نە كېچە بولغاي نە كۈندۈز
نە چۇقان بولغاي نە سۈكۈت
نە كېتىش بولغاي نە كېلىش
نە مۇھەببەت بولغاي نە نەپرەت
نە سەن بولغايسەن نە مەن .

يازايلى دېدىڭ
يازايلى دېدىم
يازدۇق باشلانماي تۇرۇپ تۈگىگەن
مىڭ ئىككىنچى كېچىنى .
يۈتتى بىزنى قاراڭغۇ قايناملار
يۈتتى بىزنى يېقىنلىماس ئارىلىق
يۈتتى بىزنى ئەسىرلىك سۈكۈت
يۈتتى بىزنى گۈزەل بىر خارلىق .

بەر قولۇڭنى يازايلى يەنە
بىزگە ئارمان بولغان بىرلا تىنىقنى .
بەر كۆزۈڭنى كۆرەيلى بىللە
ئەڭ ئاخىرقى يورۇق كېچىنى .

كەل، يىراقلاردىن كەل
تۈگىمەس يىراقلاردىن كەل
ياكى ئالغاچ كەل بىر تۈپ قىزىل گۈل
تىكىپ قوي تېخى قۇرۇپ كەتمىگەن

قەبرە توپامغا پىغانىڭ بىلەن.

يېزىپ قوي ئاندىن يالغۇز ئىسمىمنى
يېزىپ قوي پەقەت يالغۇز ئىسمىمنى!

2016.2.28

* * * * * * * *

100. كېچە

## قوغۇنچى بوۋاي

ساڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان چىڭقى چۈش
تاۋۇزلىرىڭغا قاراپ ئۇسساۋاتقان بولۇتلار
قوغۇنلىرىڭغا قاراپ تۆكرۈكىنى يۇتقان دەرەخلەر
هارۋاڭنىڭ غىچىرلىشىدا مۈگدەۋاتقان يوللار
ئەڭ ئۇستا رەسسام سىزىۋاتقان رەسىمدۇر شۇ تاپ .

كۆك قۇملۇق گەمەڭنىڭ ئىشىك تۈۋىدە
يەكتىكىڭگە يېپىشقان ئۇمىد
چىڭ قۇچاقلايدۇ قارا كۆسەينى
يۈزۈڭدىكى يول - يول قۇرۇقلار
كۆچتىمىكى قوغۇنلىرىڭغا

تورلاشقان يۈزىنى ئاپتاپقا تەڭلەپ
كۆزىنى قىسىدۇ تۇيدۇرماي ساڭا .

رېستۇرانلار تونۇماس سېنى
بىلمىگەندەك سەنمۇ ئۇلارنى
ئەسكە ئالالماس قوغۇن بازىرى
نۇر تالاسىدەك ئاپئاق ساقىلىڭ
سۆزلەپ تۇرىدۇ نۇرغۇن يىللارنى .

يىتىم نەۋرەڭ ئەمدى تۆت ياشتا
كۆتۈپ قالدى ئاغرىقچان مومىيىڭ
گۇگۇلداۋاتقان كەپتىرىڭ
ئەمدى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئۈچ چۈجەڭ
كەينىڭدىن ماڭغۇدەك بولغان قوزاڭ
شاخلىرىغا سۇ يۈگۈرۈپ قالغان ئىككى تۈپ ياڭىقىڭ
كەچتە ساقلايدۇ چولپان بىلەن
چىقىپ سېنى ئىشىك تۈۋىگە.

بىر تىلىم
ئىككى تىلىم
ئۈچ تىلىم
مەن سۈيۈنۈش ئىلكىدە سېنى
ئۈزاتقاندەك بەرىكەت تىلەپ
خوشلىشىدۇ ئۇلار سەن بىلەن
بىر تىلىم

ئىككى تىلىم
ئۈچ......

2016.2.28  چىرا

* * * * * * * *

101. كېچە

## كەتكۈچىگە

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەلىمىمنى يوقىتىپ
ئەڭ ئامراق گۈللىرىمنى قۇرۇتۇپ قويۇپ
ئەڭ سۆيۈملۈك مىسرالىرىمنى ئۆچۈرۈپ
ئەڭ بىمەنە خىياللىرىمدىن كېچىپ تۇرۇپ
ئەتراپىمدىن ھېچ بىر ئۇكۇنۇش تاپالمىغانىدىم .

كۆڭلۈمدىكى خىرەلىكنى سەزمىگەنىدىم ئازراقمۇ
سىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتىڭلار چۇقۇم.
مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام نىمە بولارمەن دەيتتىم
ئۇنىڭسىز ياشيالارمەنمۇ
كۈن - كۈن بولامۇ
تۈن - تۈن بولامۇ
يېگەن  ئېشىم زەھەر بولارمۇ

كىيگەن تونۇم كېپەن بولارمۇ
قاتناش ھادىسىدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ
تويۇقسىز يۈرەك كىسلىم تۇتارمۇ دەپ
ئەڭ ئۈجۈر - بۈجۈرلىرگىچە ئويلايتتىم
تەسەۋۋۇرۇمدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتىم .

ئانامدىن ئايرىلىپمۇ مەن ياشاۋەردىم
ھەتتا ئوتتوز توققۇز يىلغىچە
بوۋام مومامدىن ئايرىلىپمۇ
ئاران بىر ھەپتە ئازاپلاندىم ئاگىسىز ھالدا
يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلدىم
يەنە ياشاپ كەتتىم بىلىپ - بىلمەي

ئۇ بەلكىم بىر باغچە بولۇشى مۇمكىن
مەن پەسىللەرنى ئۆتكۈزگەن
ئۇ بەلكىم بىر كىتاب بولۇشى مۇمكىن
مەن ياقتۇرۇپ قالغان
ئۇ بەلكىم بىر ئورمان ئىچىدىكى يول بولۇشى مۇمكىن
مەن دائىم ماڭىدىغان
ئۇ بەلكىم بىر شېئىر بولۇشى مۇمكىن مەن يازالماي كەلگەن
ئۇ بەلكىم بىر پىرسۇناژ بولۇشى مۇمكىن
مەن ئۇنتۇيالماي كەلگەن
ئي بەلكىم مەن سەھەردە كۆرگەن چۈش
تەبىرسىز قالغان .

ئۇ نىمە  بولسا بولسۇن
ئۇ قاچان غايىپ بولسا بولسۇن
ھامىنى كېتىدۇ
بۇگۈنمۇ
ئەتىمۇ
ھامىنى كېلىدىغان بىر كۈنى

ئۇنىڭغا ئېيتىپ قۇيۇڭلار
قانداق جىمجىت كەلگەن بولسا
كەتسۇن يەنە شۇ جىمجىتلىقىدا
باھارنى قۇيۇپ كەتسۇن
كېپىنەكلەرنى قويۇپ كەتسۇن
داللارنى تاشلارنى چىغىر يوللارنى
يۇلتۇزلارنى - كېچىلەرنى
دەرتلەرنى - ئۈكۈنۈشلەرنى
قېيداشلارنى - چۈشۈنۈشلەرنى
قويۇپ كەتسۇن بارچە نەرسىنى

ئېلىپ كەتسۇن ھېچنىمىسى بولمىغان ئۆزىنى
ئېلىپ كەتسۇن ماڭا مەنسۇپ بولمىغان
بىرلا سۆزىنى .

2016.2.29  چىرا

گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان شېئىرلىرى: «گۈلخاندىن 101 كېچە». مەزكۇر ئەلكىتاپنى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن نەشرگە تەييارلىدى. ئەلكىتاپنىڭ بارلىق نەشر ھوقۇقى گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان ۋە ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورىغا مەنسۇپ. ئاپتورنىڭ رۇخستىسىز ئۇشبۇ ئەلكىتاپنىڭ تور ياكى سالونلاردا قايتا نەشر قىلىنىشى، ئۆزگەرتىلىپ نەشر قىلىنىشى ۋەياكى ئايرىم مەزمۇنلىرىنىڭ كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئەمگىكىمىزگە ھۆرمەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئەلكىتاپنىڭ ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورىدىكى مۇقىم ئادرېسى:

**http://www.azizisa.org/gulkhandin101_keche.pdf**

# www.azizisa.org